1997

1

ETHNIC UNITY

# مللەتلەر ئتتپاقى

ژۇرنلمزنڭ 50 سان نەشر قلنغانلقنى خاترلەيمز



● ئاز سانلق مللەت كادرلرنى يېتشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خزمتگە يۇكسەك دەرىجدە ئەھمىيەت بېرەيلى

● «مللەتلەر ئتتپاقى» ژۇرنلى ــ مللەتلەرنڭ گۈلستانى

● «مللەتلەر ئتتپاقى» ژۇرنلى ۋە مەن

● ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنڭ سرى (ھېكا

ETHNICUNITY

ISSN 1002-9184

01>

9 771002 918006

# مەنىۋى مەدەنىيەت سېپىدىكى

# مەكىت دېھقانلىرى

## — مەكىت دېھقانلىرىنىڭ

## رەسىملىرىدىن تاللانما



ئايال نەغمىچىلەر — ئىمىن پالتۇ سىزغان



هۈنەرۋەن — ئىمىن پالتۇ سىزغان



دولان مەشرىپى — ئەركىن سېيىت سىزغان



ئەپەندى ھېكايىسى — ئۆمۈر كېرىم سىزغان



مېھرى-شەپقەت — رەھىم سېلىم سىزغان

# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**
**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

ھۆرمەتلىك مۇشتەرىلىرىمىز، قەلەمداشلىرىمىز، قەدىردانلىرىمىزگە:

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانى يەنى ئومۇمىي 50-سانى قولىڭىزغا تەگكەندە، سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 86 مىڭ مەرىپەتپەرۋەر، ئىچكۆيەر مۇشتەرىسىنىڭ بىرى بولدىڭىز، دېمەك، سىز بىزنىڭ قەلەمدىشىمىزغا، قەدىردانىمىزغا ئايلاندىڭىز، بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزنىڭ يېڭى يىلىڭىزنى، روزا ھېيتىڭىزنى ۋە باھار بايرىمىڭىزنى قىزغىن مۇبارەكلەيمىز، سىز بىزنىڭ قەلەمداشلىق، قەدىردانلىق سالىمىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز.

سىز ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا ئەلسۆيەر ژۇرنىلىمىزغا مايىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇ سان ژۇرنىلىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىز قىزىققان بىرەر ماقالە - ئەسەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىققىنىڭىزدا، بىر تەخسە سېرىقئاش كەلمەيدىغان ئىككى يۈەن پۇلغا سېتىۋالغان بۇ ژۇرنالنىڭ سىزگە مەنىۋى ئوزۇق ۋە مەدەت بېرىدىغان، **قەلبىڭىزنى** يىللىتىدىغان سىرداش دوست ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ژۇرنىلىمىزغا قايىل بولسىڭىز. ئەگەر سىز بۇ سۆزىمىزگە قايىل بولمىسىڭىز، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى جىن خۇگېنىڭ **«ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى»** سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە، ئۆزجايىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇپ چىقىڭ. ياكى بولمىسا، ئۇيغۇر نەسىرچىلىكىدە «باھار ئىشقى» ناملىق توپلىمى بىلەن كەڭ جامائەتكە تونۇلغان، ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىل 2-سانىدىكى «ناشۈكۈر خىياللار» ناملىق نەسرى بىلەن تۈمەنلىگەن **ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ** قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان يازغۇچى، مۇھەررىر ۋە ژۇرنالىست ئەخمەت ئىمىننىڭ ژۇرنىلىمىزغا بېغىشلاپ يازغان **«ژۇرنال ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز»**نى، ئاتاقلىق فولكلورشۇناس، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇكېرىم راخماننىڭ **««مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى — مىللەتلەرنىڭ گۈلىستانى»** دېگەن تېمىدا يازغان، ژۇرنىلىمىزنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلغان قايىل قىلارلىق پاكىتلىق تەھلىللىرىنى ۋە تونۇلغان يازغۇچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر ئەخەت ھاشىمنىڭ **««مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ۋە مەن»** سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقىڭ، يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنمۇ قايىل بولمىسىڭىز، ناقايىللىقىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ بىزگە خەت يېزىۋېتىڭ، بىز سىزنىڭ ئىككى يۈەن پۇلىڭىزنىڭ ئورنىغا ھەسسىلەپ پۇل تۆلەپ بېرىشكە تەييارمىز.

دېمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىزدىكى مۇھەررىر خادىملار پۈتۈن قىزغىنلىقىمىزنى، زېھنى - قۇۋۋىتىمىزنى ۋە ئەقىل-پاراسىتىمىزنى مۇشۇ ژۇرنالغا، مۇشۇ ژۇرنال ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قەلبىنى يورۇتۇشقا، يىللىتىشقا بېغىشلىغانلارمىز، مۇشۇ يولدىكى پىدائىيلارمىز. بىز ئۆز قىزغىنلىقىمىز، ئىقتىدارىمىز بىلەن تۈمەنلىگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مايىللىقىنى قايىللىققا ئايلاندۇرالايمىز دەپ ئويلايمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، بىزدە بىرلا مەقسەت بار: ئۇ بولسىمۇ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئۇلارنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن چوقان سېلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەت يولىدا، قانچە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرسەك، شۇنچە رازىمىز.

# مۇندەرىجە


## مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر: لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: نىې ۋېنخۇا (خەنزۇ) ئىدرىس بارات

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى: جاڭ دېڭەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى (ئومۇمىي 50 ـ سان)

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات

تېلېفون: 2834567

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى

تېلېفون: 2837021

نۆۋەتچى تەھرىرلىرى: خەمىت نېغمەت قەيسەر لەركىن


### ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى


ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى.......... چېن خۇڭ (4)

مەركەز نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە خىزمەت يىغىنى ئاچتى .......... (11)

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم سىياسىينى تەكىتلەش كېرەك.......... فېڭ ۋېنخۇي (12)


### مىللەتلەر خىزمىتىدىن ئۇچۇر


ساغلاملىق تەربىيىسى ــ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار پىلان.......... جياڭ لىڭ (13)


### ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات


باشقىلار قانداق جانلىنىپتۇ؟ .......... مۇجى (16)


### ژۇرنىلىمىزنىڭ 50 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت


ژۇرنال ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز... ئەخمەت ئىمىن (18)

مەن ئاخىر تاللىدىم مۇشۇ بەلەننى(شېئىر) .......... ياسىن ھاۋازى (19)

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ۋە مەن ... ئەخەت ھاشىم (20)


### مىللىتىم ھەققىدە پارالق


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ــ مىللەتلەرنىڭ گۈلىستانى .......... ئابدۇكېرىم راخمان (24)

سەمىمىيلىك ئۇلۇغلىنىشى كېرەك... قەيسەر مىجىت (31)

پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ داۋامىدۇر...مۇختار قادىر (33)


### دۇنيا مىللەتلىرى


چېچېنىيىگە نەزەر.......... ۋۇجيادو (35)

ئامېرىكا ــ «مىللەتلەر پېچى» دېگەن سۆزنىڭ سىرى.......... چيەن لياڭمېي (42)


ماقالە ئەۋەتىڭ　　مۇشتىرى بولۇڭ　　قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە


## مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

شىاڭگاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى . . . :
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (39)
لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەنئەنىۋى بايراملار . . . . . . . . . . (48)

## سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش

ئەمگەك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش توغرىسىدا . . . . . . . . . (50)
يېمەك - ئىچمەك ۋە سالامەتلىك ھەققىدە . . . . . . . . . . . (51)

## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر سانلىق مەلۇماتلار . . . (52)
ئادەم بەدىنىدىكى بىر قىسىم ئەزالارنىڭ تولغان مەزگىلى . . . . . (53)
كۆپ كېسەل بولغانلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ . . . . . . . . (53)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

چەت ئەل يۇمۇرلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (54)
باھاسى چۈشۈرۈلگەن مال (ھەجۋىي رەسىم) . . . . . . . . . (63)

## گۈلدەستە

خۇراپات (مۇخەممەس) . . . . . . . مۇھەممەتجان راشىدىن (56)
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى (ھېكايە) . . . . . مۇرات (57)

## ئۇچۇر كۆزنىكى

باي بولاي دېسىڭىز خېرىدار بولۇڭ . . . . . . . . . . . (62)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: «ئالتۇنگۈل» لەرنىڭ سىرى (بەيزۇ قىزلىرى) . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
مۇقاۋىنىڭ 2-، 3- بەتلىرىدە: مەكتەت دېھقانلىرىنىڭ رەسىملىرىدىن تاللانما . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: ھېيت كۈنى . . . سۈرەتنى نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن تارتقان . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .






(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 - نومۇر 2 - بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 - ۋە 10 - ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58


ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتىرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭ



**ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش**

1993 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. بۇ قېتىملىق يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، يولداش خۇجىنتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى، يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر ھۆججەت ھاسىل قىلىندى. يىغىن روھىغا ئاساسەن ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە ھەرقايسى جايلار مول تەجرىبىلەرنى جۇغلاپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ئالغا سۈردى.

پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ماۋجۇشى ئەينى چاغدىلا: «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جۇڭگو سوتسىيالىزمى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تارىخى ماۋجۇشىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسىگە، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىمۇ نۇرغۇن دانا بايانلىرى بار. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ھەققىدە بىر يۈرۈش بايانلىرى ۋە تەلەپلىرى بار.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىمىزنى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان؛ بىزنىڭ بىپايان جۇڭگو زېمىنىمىزنى 56 مىللەت بىرلىكتە ئاچقان، بىرلىكتە قوغدىغان؛ يېڭى جۇڭگونىڭ بۈگۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 56 مىللەت بىرلىكتە ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك

ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدىكى ھەربىر ئۇتۇقىمىزغىمۇ 56 مىللەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورتاق كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىمۇ 56 مىللەت ئورتاق تىرىشماقتا، ئورتاق قۇرۇلۇش ئېلىپ بارماقتا. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى قېرىنداشلارچە زىچ ھەمكارلىشىپ، نەتىجىلىرىنى بىرلىكتە ياراتتى، ئورتاق تەرەققىي قىلدى، ئورتاق ئالغا باستى. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان، ئۇلۇغ رولىنى جارى قىلدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا كۆپ مىللەت بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان پارتىيە ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەكىلى بار ئىدى، مەسىلەن، يولداش دېڭ ئېنمىڭ شۈيزۇ مىللىتىدىن ئىدى. پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىز ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بار ئىدى. ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان رەھبىرىي كادىرلار تېخىمۇ كۆپ. دېمەك، بىزنىڭ ھەربىر ئىنقىلابىي تارىخىي دەۋرىمىزدىكى ئىنقىلابىي كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. نۆۋەتتە، خەلقئارادا مىللىي مەسىلە قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقتىن رايونلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدىغان، دۆلەت پارچىلىنىدىغان، ئىجتىمائىي تۇزۇمدە كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. دۈشمەن كۈچلەر جۇڭگونىڭ باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئۇلار يولغا قويۇۋاتقان «غەربچىلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سىياسىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە مىللىي - دىنىي نام بىلەن مەملىكىتىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق خەلقئارالىق مۇھىتتا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۆم - ئىتتىپاق بولدى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ روناق تاپتى، بۇ ئەھۋال خەلقئارادىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى. نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاق بولالىدى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ روناق تاپالىدى؟ چۈنكى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى توغرا بولدى. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا تولۇق ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش دۆلىتىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملار بار، زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا. ئۇلار پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ، ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا كۈچلۈك ئېتىقادى ۋە ئارزۇسى بار. ئۇلار ناھايىتى ئەقىللىك، ناھايىتى تىرىشچان، ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىزدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېزىلىشكە ئۇچرىغانلىقتىن ۋە چەت - ياقا رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇرغاچقا قاتناش ئىشلىرى قالاق، مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىزراق، شۇڭا، نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بولغان ياردەمنى كۈچەيتىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، بۇ تارىخنىڭ ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئېھتىياجى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى مۇناسىپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ بىر تۈرلۈك كونكرېت كادىرلار خىزمىتى، كادىرلار خىزمىتى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خىزمەت، ئالاھىدە مۇھىم بىر خىزمەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەسىر ھالقىيدىغان قۇرۇلۇش قىلىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش

توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىمىز ئۈچۈن يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكىلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە قىلىپ ئىشلىشىمىز، شۇنداقلا تەشكىلات تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، بىرلىك سەپ تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ياخشى ئىشلەيدىغان مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا، بىز بۇ خىزمەت ھەققىدە تولۇق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يەنە بىزدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىمۇ بولۇشى كېرەك.

## يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش

باش شۇجى جياڭ زېمىن «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىيىتى تەكىتلىشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە ۋە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە پۈتۈن پارتىيە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىمىز پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش خىزمىتى چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش تەلىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، مۇستەھكەم كوممۇنىستىك دۇنيا قارىشى، مۇستەھكەم سىياسىي مەۋقەسى، ئېنىق سىياسىي يۆنىلىشى بولۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى قەتئىي ساقلىشى كېرەك. بۇ باش شۇجىنىڭ پۈتۈن پارتىيە كادىرلىرىغا قويغان تەلىپى، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ ھەرگىز بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشتىن باشقا يەنە كونكرېتلاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ بار. بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشنى تىكلەش داۋامىدا، ئالدى بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەشنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى دېگىنىمىز مىللىي مەسىلىگە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1992 - يىلى مەركىزىي كومىتېت چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: مىللىي مەسىلە سوتسىيالىزم ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ مۇپەسسەل بايان قىلغانىدى. مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتە، باش شۇجى جياڭ زېمىن 12 جەھەتتىن مىسال كەلتۈردى. شۇڭا، بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن توغرا بولغان مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. ئاساسىي قانۇنىمىزدا بەلگىلەنگەن سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىمىزدىكى يادرو يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان. بىر قېتىم بىرنەچچە يولداش بىلەن سۆھبەتلەشكەن چېغىمدا، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر كادىر: بىرىنچىدىن، مەن كوممۇنىستمەن، ئىككىنچىدىن، دۆلەت خىزمەتچىسىمەن، ئۈچىنچىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرىمەن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئەڭ ئاساسلىقى مەن كوممۇنىست بولغىنىم ئۈچۈن پارتىيىنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك؛ مەن دۆلەت خىزمەتچىسىمەن جەزمەن دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ نىزامى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان كادىرمەن، مەسىلىلەرنى ئويلىغان ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۆز مىللىتىمگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئاساس قىلىشىم لازىم دەپ ئىنتايىن ياخشى ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى، مەن بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان، لېكىن مەن پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولالىدىم، ئۇنداق بولمىغاندا، ھېلىھەم قۇل بولغان بولاتتىم. بۇ گەپلەرنى بىر زاڭزۇ كادىر قىلغانىدى. بۇنى

ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئىككىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ كادىرلارغا قويغان بەش شەرتىگە ئاساسلانغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئالدىدا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ جىددىي بىر ۋەزىپە تۇرماقتا. ماركسىزملىق نەزەرىيىنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشى، تارىخىي بىلىملەرنى، ئىقتىسادنى، باشقۇرۇشنى، تېخنىكىنى، كەسپىنى ئۆگىنىشى ھەمدە كەسپ ئەھلىگە ئايلىنىپ، ئۆز خىزمىتىدىكى كەسپ ماھىرلىرىدىن بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. رەھبىرىي كادىر بولغۇچىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىگە تاكامۇل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھېچقانداق بىر ئىشقىمۇ كامىل ئەمەسلەردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار جەزمەن بىرەر تۈرنى بولسىمۇ پىششىق بىلىشى لازىم، قانداق قىلغاندا پىششىق بىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ سۇ كۆپەيسە پاراخوت كۆتۈرۈلىدۇ، بىلىم دائىرىسى كەڭرى، نەزەرىيىۋى ئاساسى پۇختا بولۇشى كېرەك. ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاساسىي بىلىم ھەققىدىكى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئۆگىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپىكىمۇ قېتىرقىنىپ بېرىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى بولىدۇ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى، ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلاردىن كۈتكەن تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلدىغانلا بولساق، ئېگىزدىرەك تۇرالايمىز، يىراقنىراق كۆرەلەيمىز، مەسىلىلەرنى بۇرۇنراق، ئەتراپلىقراق ئويلىيالايمىز، ئىشلارنى ئوبدانراق قىلالايمىز. شۇنداق قىلغاندىلا كەڭ ئاممىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا باشلامچىلىق قىلىش سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايمىز. ئۇنداق بولمىسا، باشقىلارچىلىكمۇ، ئاممىچىلىكمۇ بولالمىساق، قانداقمۇ ئاممىغا باشلامچى بولالايمىز؟ ئاممىنى قانداقمۇ يېتەكلىيەلەيمىز؟ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان قابىلىيەتكە قانداقمۇ ئىگە بولالايمىز؟ ئۇ ھالدا بىز ئۇيۇشۇش كۈچىدىن، جەلپ قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىمىز، چاقىرىق قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىمىز، نەتىجىدە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قالىمىز. دەرۋەقە، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، خەنزۇ كادىرلىرىمىز ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خەنزۇ كادىرلار ئۆزىمىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر.

ئۈچىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بەش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا كەسپىنى قەدىرلەشكە، پاك بولۇشقا، تىرىشىپ ئىشلەشكە تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر كونكرېت ئوبيېكتنى چىقىش قىلغىنىمىزدا مۇئەييەن ئۆزگىچىلىككە ئىگىدۇر. ھازىر مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى پەيدىنپەي غەربىي قىسىمغا يۆتكەش ھەققىدە مۇھىم قارار چىقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە كونا ئىنقىلابىي بازىلارغا ياردەم بېرىشنى گەۋدىلەندۈردى، ۋەھالەنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغاچقا، كادىرلىرىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە باشلامچىلىق قىلىشقا تېخىمۇ مۇھتاج. شۇڭا بىز خەلق ئاممىسىنى قەلبىمىزگە تېخىمۇ چىڭ پۈكۈپ، ھەقىقىي رەۋىشتە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىش بېجىرىش، قارار چىقىرىش ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزدىكى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىم.

شۇنداق قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى خىزمىتىمىزدە پۇت تىرەپ تۇرالايمىز، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلالايمىز، ھەقىقىي يوسۇندا كۆڭ فەنسىنگە ئوخشاش

جان - دىلىمىز بىلەن ھەر مىللەت ئامىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايمىز. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىمىزدىكى ئامىنىڭ تۇرمۇشى ئارقىدىراق بولغاچقا، بىز شەخسى تۇرمۇش جەھەتتە تېخىمۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىدىغان بولۇشىمىز، تېخىمۇ تېجەشلىك بولۇشىمىز كېرەك، ئىسراپچىلىق قىلىپ، بۇزۇپ - چېچىشىمىزغا بولمايدۇ، يالغانچىلىق، ساختىلىق قىلىپ، يۇقىرىنى گوللاپ، تۆۋەننى ئالدايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىسىدە باش شۇجىنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك تىرىشچان ۋە پاك بولۇش ئىنتايىن رېئال ۋە ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشتا باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەسىلىسىمۇ بار. مەملىكىتىمىزدە ئالدىنقى قېتىم نوپۇس ئىنقلاشتا ئىسپاتلىنىشىچە، ناھىيە بىرلىك قىلىنغاندا، ھەربىر ناھىيە ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت ئاھالىسىدىن تەركىب تاپقان. دېمەك، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى بار، ھەرقايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەسىلىسى بار. شۇڭلاشقا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كادىرلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، ئىتتىپاق ئۆتۈشى تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىشى ۋە غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كادىرلار بار بولۇپ، ھەممىيلەن جاي - جايلاردىن كەلگەن، تىل جەھەتتە، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا مەلۇم قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاراكتېر جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرق بار، بەزىدە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرق بولىدۇ، پەرقنىڭ ئۆزى زىددىيەت دېگەن سۆز. ئەگەر ئۇ زىددىيەت مۇۋاپىق ھەل قىلىنسا، پائال تۈردە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالىدۇ، ئۇبدان ھەل قىلىنمىسا، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەر بىزدىن ئۆزئارا ئۆگىنىپ بىر-بىرىمىزنى توغرا چۈشىنىپ، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا ياردەملىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىدە خەنزۇ يولداشلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، خەنزۇ يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ھۆرمەتلىشى كېرەك. ماۋجۇشى: خەنزۇ كادىرلار بىلەن مىللىي كادىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلسە، خەنزۇ كادىرلار ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى. مەن — خەنزۇ كادىر، بىز خەنزۇ كادىرلاردا ھەرگىز چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بولماسلىقى كېرەك. مەسىلىگە يولۇققاندا كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە، مىللەت دېگەن ئۇقۇم بويىچە ئايرىساقمۇ بولمايدۇ. ئالدى بىلەن پرىنسىپنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، پرىنسىپ مەسىلىسىدە مۇجمەللىك قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پاكىتقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پرىنسىپسىز مەسىلىلەردە، ئادەتتىكى كونكرېت مەسىلىلەردە جەزمەن كەڭ قورساقلىق قىلىش كېرەك، تۆگۈنچەكنى ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يېشىش كېرەك، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولغان بارلىق ئامىللارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. خەنزۇ كادىر بولغانىكەن، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيە، مۇشۇنداق خىسلەت، مۇشۇنداق قەلب ۋە كەڭ قورساقلىق بولۇشى كېرەك، خىزمەتلەرنى مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرۇپ ئىشلىشى ۋە زىددىيەتلەرنى مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك.

## ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك

پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى بار، ئۇ بولسىمۇ پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. كادىرلار خىزمىتىگە پارتكوم، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقى بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش، ئىككىنچىدىن، زىچ ھەمكارلىشىش، ئۈچىنچىدىن، قوشۇمچە رولىنى ئوبدان ئويناش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئۈچ ئېغىز سۆزدۇر.

**1. ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش.** ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۇ خىزمەتنى قوشۇمچە خىزمەت دەپ قارىماي، ئۆز خىزمىتىمىز دەپ قارىشىمىز،

مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىشىمىز، مىللەتلەر خىزمىتى ئىچىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت دەپ قارىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىش- ئالغا بېسىشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ھەرگىز باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم بىر خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. باش تارتىپ بولمايدىغان خىزمەت بولغانىكەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى ۋە تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ چۈشۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار ھۆججەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ھالدا ئوبدان ئۆگىنىپ ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشىنىشىمىز، بىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە بەزى ئۆلكىلەر ناھايىتى ئوبدان ئىشلىگەن. جىلىن ئۆلكىسىنى ئالساق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى قۇرغان، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى ۋە تېخنىكا خادىملىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى قۇرغان. شۇنداق قىلىپ، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللىشى، ئىشلىتىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بىز ھەر خىل تىپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەۋسىيە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ۋە ھەر خىل تىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاپ، تەشكىلات تارماقلىرىغا پائال تۈردە تەۋسىيە قىلىشىمىز كېرەك. بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكىلەر تەشەببۇسكار بولۇشىمىز كېرەك. ھازىر مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارغا بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئۇدا ئالتە يىل ئويۇشتۇرۇپ كەلدى. بۇنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەشەببۇس قىلغانىدى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى پائال قوللىدى، ئۇنىڭغا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پائال قاتناشتى. ھازىر بۇ ئۇچ ئورۇن ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ كەلمەكتە. ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەشكىلات بۆلۈملىرى، بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى ماسلىشىپ بەردى. شۇڭلاشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشىمىز لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى بازا قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى بىۋاسىتە يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىشىمىز كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان ئالتە ئالىي مەكتەپ بار. بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسى ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم بازا تەرىقىسىدە ئوبدان قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم، ئۇ مەكتەپلەرنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىمىز دۆلىتىمىز ئۈچۈن خېلى زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق خادىم ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىري تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ ئۈستۈنلۈكىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلىرىمىزنى بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

**2. زىچ ماسلىشىش.** ئالدى بىلەن تەشكىلات تارماقلىرىغا ماسلىشىش كېرەك. تەشكىلات تارماقلىرى كادىرلار خىزمىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدۇ. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى جەھەتتە ناھايىتى جىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە ياخشى تەسەۋۋۇرلىرى بار، بىز داۋاملىق ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ھەمكارلىشىپ كەلمەكتە. بىز ھۆكۈمەت تارمىقى بولۇش

سۈپىتىمىز بىلەن، كادىرلار مەسىلىسىدە ھەرقايسى تارماقلار بىلەن قانداق ماسلىشىش جەھەتتە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ خىزمەتنى ئىشلىشىمىز كېرەك.

**3. قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش.** بىز ھەرقايسى تارماقلار بىلەن ھەمكارلاشقاندا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قانداق رول ئوينايدۇ؟ كادىر يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بىز قوشۇمچە رول ئوينايمىز، بىرىنچىدىن، ئورنىمىزدىن ئاتلاپ كېتىشكە بولمايدۇ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ئاتلاپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پاسسىپلىق قىلىشقا، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي يۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ رولىنى ناھايىتى جايىدا مۇۋاپىق جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ھەم ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇشىمىز، ھەم ھەممىگە چات كىرىۋالماسلىقىمىز كېرەك، بولۇپمۇ كادىرلار مەسىلىسىدە، ئادەم مەسىلىسىدە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشىمىز، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز پەقەت ھەمكارلىشىپ، قاتنىشىپ، ماسلىشىپ بەرسەكلا، ئورنىمىزنى جايىغا قويۇپ، توغرا قويۇپ، قوشۇمچە رولىمىزنى ئوبدان ئوينىساقلا بولىدۇ. نېمىشقا قوشۇمچە رول ئويناشقا رازىمەن دېمەيمىز، بۇ ئىدىيە جەھەتتىكى مەسىلە، بىز دەۋاتقان خىزمەت قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش كېرەك دېگەنلىكتۇر، ئۇنى ئوبدان ئوينىمساقمۇ بولمايدۇ، كىچىككىنە بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ گەپ قىلماي يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. قوشۇمچە رول دېگەندە، ئۇنىڭغا تەئەللۇق مەزمۇن بار، ئۇنى ئوبدان ئوينىشىمىز كېرەك.

(مەزكۇر ماقالە يولداش چېن خۇڭنىڭ بۇلتۇر 9 - ئايدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاقىرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغان)

(خەمىت نىغمەت، ئا. سەئىدىن،
ياسىن ھاۋازىلار تەرجىمە قىلدى)
ئىدرىس بارات تەھرىرلىدى

## ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ماقال - تەمسىللەر

△ ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.
△ كۆككە باقما، كۆپكە باق.
△ كۆپنىڭ مېلىنى ئوغرى ئالماس.
△ كۆپنىڭ كۈچى كۆپ.
△ كۆپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.
△ كۆپ ياغقان ئوت كۆككە يېتەر.
△ كۆپنىڭ كۈچى تاغ كۆتۈرەر.
△ قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان.
△ كۆپ تۆكۈرسە كۆل بولۇر.
△ توپقا قاراپ تاش ئاتما.
△ تىرىك بولساق بىر يەردە بىز، ئۆلۈك بولساق بىر گۆردە بىز.
△ بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس.
△ توپ بولدۇق توق بولدۇق.
△ ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران.
△ دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار.
△ دىلى بىرنىڭ غېمى بىر.
△ غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاكىلغۇچنىڭ قولىنى كەس.
△ سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى،
نېرى يات، بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى.

(مۇھەممەت رەھىم تەييارلىدى)

نامرات رايونلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سىياسىي ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت

# مەركەز نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە خىزمەت يىغىنى ئاچتى

نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ بىرلىكتە بۇنداق كۆلەمدىكى يۇقىرى قاتلاملىق يىغىن ئېچىشى يېڭى جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىمدۇر.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىش بۇيرۇقى چىقاردى!

جۇڭگو جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، «دۆلەتنىڭ يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى»نى ئۆز قەرەلىدە قەتئىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش مەسىلىسى — دۆلىتىمىز بېكىتكەن ستراتېگىيىلىك نىشان، بۇ نىشاندىن «قەتئىي تەۋرەنمەيمىز».

— جياڭ زېمىن

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش ھەمدە نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ئىقتىدارى بار؛ ھەرقايسى رايونلار نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى؛ بۇنىڭغا نامرات رايونلاردىكى كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشىنى، پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى قوشقاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

— لى پېڭ

نۆۋەتتە، مەركەزنىڭ ھەر يىلى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن سالىدىغان سېلىنمىسى 10 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. گوۋۇيۈەن كېلەر يىلدىن باشلاپ يەنە ئىككى تۈرلۈك يېڭى سېلىنمىنى كۆپەيتىشنى قارار قىلدى:

بىرىنچى، مەركەز مالىيىسى ھەر يىلى يەنە 1 مىليارد 500 مىليون يۈەننى كۆپەيتىپ، نامراتلىق دائىرىسى چوڭ بولغان ئۆلكە - رايونلاردا يېزا، كەنت تاش يوللىرىنى ياساش، ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق، ئىچىدىغان سۇ ئەسلىھەلىرى ۋە دېھقانلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر يىلى يەنە 3 مىليارد يۈەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش قەرز پۇلىنى كۆپەيتىپ، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقتىكى ئۈنۈمى ياخشى، قەرزنى قايتۇرالايدىغان، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا يېتەكلىيەلەيدىغان تۈرلەرنى نۇقتىلىق ھالدا قوللايدۇ.

(قەيسەر ئەركىن تەرجىمە قىلدى)

# ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم سىياسىينى تەكىتلەش كېرەك

فېڭ ۋېنخۇەي

بۇ يىل 4 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد ئېنىق قىلىپ: مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم سىياسىينى تەكىتلەش كېرەك، سىياسىينى تەكىتلەش كېرەك دېگەنلىك پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت تۈپ لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي ئىقتىسادنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە يۈكسەلدۈرۈش كېرەك دېگەنلىك. شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىدە سىياسىينى تەكىتلەش كېرەك دېگەنلىك توغرا سىياسىي مەيداندا ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگەنلىك، دەپ كۆرسەتكەنىدى.

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يوليورۇقى «9 - بەش يىللىق پىلان» ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ بىزگە يۇنىگدىن كېيىنكى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىنىڭ دەل بارلىق كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، سىياسەت چەك - چېگرىسنى ئېگىلەپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، پائال يېڭىلىق يارىتىشى، جىشۇ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «شىركەت + دېھقان ئائىلىسى» شەكلىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى دادىللىق بىلەن تەتقىق قىلىپ ۋە مۇلاھىزە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «تەرەققىيات، ئىسلاھات ۋە مۇقىملىق» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، جىددىي ۋە ھەققىي تۈردە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش لازىم.

تەجرىبىلەر شۇنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، بىز دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش، تۇرمۇشى ئەل بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلساقلا «غەربچىلىشىش، مەھەللىۋىلىشىش (فېئودالىزملىشىش)، پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش» لەر ئىشقا ئاشمايدۇ؛بىز ئاممىغا چىڭ تايىنىپ، جان دىلىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، ئاممىنى بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ نىشانى ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسىنى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە بولمايۋاتقانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلغىنىمىزدىلا، شۈبھىسىزكى، دۈشمەن كۈچلىرى كۆپىيىدىغان ۋە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بىز دېموكراتىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ـ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرسەك، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشىدىن قورقمايمىز، چۈنكى ئاممىمۇ توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئاڭلىق ھالدا پەرق ئېتەلەيدىغان بولىدۇ. مۇشۇ رەۋىشتە ئىقتىساد گۈللەنسە، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقىدىن، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەم بولماسلىقىدىن،قۇرۇلۇشنىڭ راۋاج ئېلىپ بېرىلماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز، ئەلۋەتتە.

(باھارگۈل تەرجىمە قىلدى)

# ساغلاملىق تەربىيىسى — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك پىلانى

جياڭ لىڭ

مۇشۇ ئەسىردە جۇڭگودا كۆپ مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەنرەك بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردا بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكى جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىكەن.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1979 - يىلدىن بۇيان، ئېلىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى توغرىسىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم زور كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. 1995 - يىل 3 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش مەملىكەتتىكى 30 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) دائىرىسىدىكى 21 مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئوقۇيدىغان 1800 دىن ئارتۇق مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىي 310 مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچى جۈملىدىن موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق 20 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ يەتتە ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 55 مىڭ 781 ئوقۇغۇچى 20 تۈرلۈك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى بويىچە تەن شەكلى، ئىقتىدارى، سۈپىتى ۋە ساغلاملىقى قاتارلىق تۆت جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن كۆرۈلۈشىچە، خۇيزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق 20 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەدەن شەكلى، ئىقتىدارى، سۈپىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى يېتىلىش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ھالدا كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن. ھەر بىر مىللەتتىكى ھەرقايسى ياش گۇرۇپپىلىرىغا تەۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بويى ۋە ئېغىرلىق سەۋىيىسى ئون يىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئېشىپ، بوي ئېگىزلىكىنىڭ ئېشىشى بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىشىدىن تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. بەزى كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئېشىش دائىرىسى ھەتتا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بەدەن سۈپىتىنىڭ ھەرقايسى كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىمۇ ئۆسۈش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن.

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئېشىش دائىرىسى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ مۇتلەق سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەنرەك بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا خېلى چوڭ پەرق بار. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بولۇپمۇ 13 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىدامچانلىق كۆرسەتكۈچى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ياكى تۆۋەنلەش ھالىتى شەكىللەنگەن. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسىم سالامەتلىك كۆرسەتكۈچلىرىمۇ كىشىنى خۇشال قىلالمايدۇ. مەسىلەن، دۇڭزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قىزىل قان ئاقسىلى تۆۋەنلىكى ئېنىقلانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1991 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشقان بولۇپ، ئېشىش دائىرىسى 15 — 44 پونكىت بولغان.

ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەكشۈرۈشتىن مەلۇمكى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىدامچانلىقى، بەدىنىنىڭ ئېلاستىكلىقى، ئۆپكە سىغىمچانلىقى ئون يىلدىن بۇيان بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا يۈزلەنگەن ھەتتا تۆۋەنلەپ كەتكەن، زىيادە سەمرىپ كەتكەن ياكى ئېغىرلىقى ئارتىپ كەتكەن باللارنىڭ نىسبىتى كۆپەيگەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يەنىلا يۇقىرى بولغان، يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ساقلىقىنى ساقلاش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىكى مەسىلىلەر ئاساسەن ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىقى ۋە كەم قان بولۇشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىكەن. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تېخىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، ياخشى ئوزۇقلىنىشتىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىراق مانجۇ، خۇيزۇ، چاۋشيەن قاتارلىق بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىكى چىش چىرىش كېسىلىنىڭ يۇز بېرىش نىسبىتى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدىكەن. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى كەمپۈت تۇرىدىكى پارچە ـ پۇرات يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېمەيدىغانلىقى ئۈچۈن چىش چىرىش كېسىلىنىڭ يۈز بېرىش ئىمكانىيىتى زور دەرىجىدە ئازلىغان.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، نۆۋەتتە تەرەققىي تاپمىغان ئەللەردىكى ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن كەم قانلىق، ئوزۇقلىنىش ناچار بولۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ئېلىمىزدىمۇ تېخى تولۇق ھەل قىلىنمىغان؛ ئەمما تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ئېلىپ كەلگەن زىيادە سېمىزلىك، يۈرەك ۋە قان تومۇرلىرى كېسەللىكى، راك قاتارلىق كېسەللىكلەرمۇ ئېلىمىز تەۋەسىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، بۇگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پەيدا بولغان مەسىلىلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

**ئارتۇقچىلىقىمىزنى ساقلاپ، خاتا چۈشەنچىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى: گۆش ـ مايغا بېرىلىپ كېتىشنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى ناتايىن؛ كىيىم مودېلى بولۇشمۇ ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ.**

نۆۋەتتە ساغلاملىق ھەققىدىكى تونۇشتا يەنە نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، تەرەققىي تاپمىغان رايونلار تەرەققىي تاپقان رايونلارنى دوراش، تەرەققىي تاپقان رايونلار تەرەققىي تاپقان ئەللەرنى دوراش خاھىشى مەۋجۇت. ئوزۇقلۇق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسى دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا مۇۋاپىق ئىكەن، شۇڭا غەربلىكلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىنى قارىغۇلارچە دوراپ، نەتىجىدە زىيادە سېمىزلىك ياكى يۈرەك ۋە مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكلىرىنى تېپىۋېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تازىلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئادەتلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇنداق ئادەتلەرنى ساقلاپ قېلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بايقىشىچە، دەيزۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇدۇقلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاسرىغاچقا، ئۇلار ئىچىدىغان سۇنىڭ سۈپىتى خەنزۇلارنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن؛ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ دائىم يۇيۇنۇپ تۇرىدىغان ياخشى تازىلىق ئادەتلىرى بار.

يەنە مىسال كەلتۈرسەك، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كىيىم مودېللىرىنى ساغلاملىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى دەپ بىلىشكەن، بەزى قىز ئوقۇغۇچىلار بەدەن گۈزەللىكىنى قوغلىشىپ، ئۆزىنى تاماقتىن قىسىپ ئورۇقلاشقا قارىغۇلارچە ئۇرۇنۇپ، كۆپ ھاللاردا سالامەتلىككە زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمەلىيەتتە،

كىيىم مودېللىرىنىڭ بەدەن شەكلى بىر خىل كەسىپ تاللاشنىڭ ئەتىجىسىدىنلا ئىبارەت. مودېللارنىڭ بەدىنى كىيىم كىيىشتىلا چىرايلىق بولۇپ، ساغلاملىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئىلمىي ئۆلچەم بويىچە بولغاندا، بوي ئېگىزلىكى بىلەن بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ نىسبىتى مەلۇم كۆرسەتكۈچكە يېتىشى، بەدەن موسكۇللىرىمۇ شۇنىڭغا ماس دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى لازىم.

## ساغلاملىق تەربىيىسى — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار پىلان

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي ۋە توغرا بولغان ساغلاملىق ئۇقۇمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋە ئائىلە باشلىقلىرىغا بىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇش ـ بولماسلىقى جەمئىيەتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن مەسىلىلەر دەل كىشىلەرنىڭ نېمىنىڭ توغرا بولغان ساغلاملىق ئۇقۇمى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ساغلاملىق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولالىشى ناتايىن. يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىقلىقىدىن كېلىپ چىققان زىيادە سېمىزلىك مانا بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇتەخەسسىسلەر يەنە مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇكى، مۇكەممەل بولغان ساغلاملىق ئۇقۇمى بەدەن ساغلاملىقى، پسىخىك ساغلاملىق ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ھازىر ئېلىمىز ئوقۇغۇچىلىرىدا پسىخىك ساغلاملىق ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھۆكۈمىتىمىز ساغلاملىق تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتىلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئارقىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلماقتا.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەسىلىگە ئېتىبار بېرىلسە ھەممە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلسىلا مەسىلە بىر قەدەر ئوبدان ھەل قىلىنىدۇ؛ ئەكسىچە، مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويۇلسا، تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئېلىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئاران 35 ياش بولغان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى بىر ھەسسە ئېشىپ، 70 ياشتىن ھالقىدى. ياپونىيىلىكلەر ئىلگىرى «ياپون پاكارلىرى» دەپ كەمسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئەينى چاغدا ياپونىيىلىكلەرنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىنى كۆرسەتكەنتى. ئەمما نەچچە ئون يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، ياپونىيىلىكلەرنىڭ بەدەن سۈپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەر يىلى زور مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئوزۇقلۇق قىممىتى مول چۈشلۈك تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان بولغان.

ئېلىمىزدە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش زىيالىيلارنىڭ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىش مەسىلىسى 80 ـ يىللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. جاڭ گۇاڭخۇ، جياڭ جۇيىڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش پەن ـ تېخنىكا ئاۋانگارتلىرى ھاياتىدىكى ئىجادىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ئالەمدىن كېتىپ قالدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ئالاھىدە مەزگىلدە تۇغۇلغان بولۇپ، بەدىنىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاساسى ياخشى تۇرغۇزۇلمىغانىدى. ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلگە كەلگەندە ئۇلار يەنە جەمئىيەت، ئائىلە ۋە خىزمەتنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۆز ئارمانلىرى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ يىقىلدى. بەدەن بىر كىشىنىڭ ياشىيالىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى دەسمايە ھەم بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى دەسمايىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلاندۇر.

(پولات قادىر تەرجىمە قىلدى)

# باشقىلار قانداق جانلىنىپتۇ

مۇ جى

ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق قانۇنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما ھەر بىر جاينىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ جانلىنىپ كېتىشىدە كۆپ خىل كونكرېت سەۋەبلەر بولىدۇ، بۇنداق كونكرېت سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى بەش تىپقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. سىياسەتنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش تىپى. يەنى بەزى جايلاردا دۆلەت ئالاھىدە سىياسەت، ئالاھىدە تۈزۈلمە ۋە ئالاھىدە سىرتقا ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدۇ.

2. مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش تىپى. يەنى دۆلەتنىڭ ياكى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مەلۇم ئاپپاراتنىڭ غايەت زور ھەجىمدە مەبلەغ سالغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ جايلار ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتا بولۇپ قالىدۇ. دۆلەت ياكى يۇقىرىقى ئاپپاراتلار بۇ جايلارغا غايەت زور مەبلەغ سالغانلىقتىن، بۇ جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ترانسپورت، يېمەكلىك ۋە ئۈچىنچى كەسىپ قاتارلىق تەرەپلەردىكى بازارلىرى جىددىي كېڭىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر يۈرۈش قوشۇمچە مەبلەغ سېلىشلار بارلىققا كېلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ جايلار ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

3. بايلىق مەنبەلىرىنىڭ جەلپ قىلىش تىپى. بەزى جايلاردا مەلۇم مۇھىم كان بايلىقلىرى ياكى ساياھەت بايلىقلىرى بايقالغانلىقتىن ياكى ئېچىلغانلىقتىن بۇ ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىمۇ جانلىنىش بولىدۇ.

4. پىشىلدۇرۇپ جەلپ قىلىش تىپى. يەنى ئۆز جاينىڭ بەزى ئەۋزەللىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەنزىرىسى ئۈستىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىپ ھەم بىر يۈرۈش تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كەلگۈسى ھەققىدىكى مۆلچەرى قاراشلىرىنى كۆچەپ بازارغا سېلىپ، سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا چاقىرىدۇ.

5. ھەر تەرەپلىمە ئامىللارنىڭ تۈرتكە بولۇش تىپى. يەنى ئالاھىدە سىياسەت، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورۇن شۇنىڭدەك سۈنئىي ئۇسۇلدا پىشىلدۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ جايلار ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 1993 - يىلى جىلىننىڭ خۇيچۇن شەھىرىنىڭ جانلىنىپ كەتكەنلىكى بىرىنچىدىن، گوۋۇيۈەن بۇ جاينى چېگرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ تەستىقلىغانلىقىدىن، ھەم بۇ جايغا سەككىز تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بەرگەنلىكىدىن، ئارقىدىنلا جىلىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ 20 تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بەرگەنلىكىدىن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ جاي ئېلىمىزنىڭ چاۋشيەن، روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايى بولۇپ، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ئاساسلىق سىرتقا يۈزلىنىش يولى بولغانلىقىدىن؛ تېخىمۇ



مۇھىمى 1991 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئېچىش - پىلانلاش مەھكىمىسى شەرقىي - شىمالىي ئاسىيادىكى 300 مىليون خەلق مەنپەئەتلىنىدىغان ئالاھىدە چوڭ تۈر بولغان تۇمەنجياڭ رايونىنى ئېچىش تۈرىگە 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىغانلىقىدىن ئىدى. يۇقىرىقىدەك ھەر تەرەپلىمە سەۋەبلەر مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خۇيچۇنگە بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن خۇيچۇن شىمالدىكى ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى.

بىر جاينىڭ ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتا بولۇش - بولماسلىقى پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغاندىن باشقا، شۇ جايلار تۇرۇشلۇق ئۆلكە شەھەرلەرنىڭ قوللاپ بېرىش دەرىجىسىگىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بولۇپمۇ بەزى رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلار تېخىمۇ شۇنداق. بىر جاي ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتا بولۇپ قالسا، باشقا جايلارنىڭ نۇرغۇن بايلىق مەنبەلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىپ قىزىق نۇقتا بولغان رايوننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلارنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىمۇ ئىجتىمائىي بايلىق مەنبەلىرىنى قايتا تەقسىم قىلىش جەريانى بولىدۇ. قىزىق نۇقتا رايونى تۇرۇشلۇق ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنىڭ بۇنداق قايتا تەقسىم قىلىنىشىنى قوللاش - قوللىماسلىقى، قىزىق نۇقتىلارغا ئالغا سۈرۈش فاكتورىنى ياكى ئارقىغا تارتىش فاكتورىنى قوللىنىش قىزىق نۇقتىلارنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلارنىڭ شەكىللىنىشى ماكرولۇق ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ۋاقىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئېلىمىزدە ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاساسەن مۇنداق ئىككى مەزگىلگە مەركەزلەشكەن: بىرى، 1984 - يىلنىڭ ئالدى- كەينى يەنى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەكشەشنى ئاساس قىلىشتىن ئېچىۋېتىشنى ئاساس قىلىشقا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان مەزگىل؛ يەنە بىرى، 1992- ۋە 1993 - يىللىرى دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان سۆزى ئېلان قىلىنغان ۋە پارتىيە 14- قۇرۇلتىيى ئېچىلغان، ئۈچ يىللىق تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق مەركىزىي بانكا پۇل ئوبوروتىغا بولغان باشقۇرۇشنى قويۇۋەتكەن مەزگىل. ھەر قېتىملىق ئىقتىسادىي دولقۇن يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلار بارلىققا كېلىدۇ؛ ھەر قېتىم ماكرولۇق ئىقتىسادتا قىسقارتىش ۋە تەكشەش بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي قىزىق نۇقتىلار تەكشىلىدۇ ۋە يوقىلىدۇ.

(يۈسۈپجان ھەمدۇل تەرجىمە قىلدى)

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ بەش ئامىلى

**1** . يېشىللىق قاپلىغان ماكان ۋە ساپ ھاۋا بولۇشى كېرەك.

2 . مول، مەنىلىك مەنىۋى تۇرمۇش بولۇشى كېرەك.

3 . مۇۋاپىق مىقداردىكى خىزمەت بولۇشى كېرەك.

4 . يېمەكلىك - قۇۋۋەتتە تەكشى بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك، يېمەك- ئىچمەكنى ھەرگىز زىيادە قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

5 . كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىللەن بىللە يەنە كېسەللىكنى بىلىشنىمۇ ۋە داۋالاشنىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك.

(غېنى مۇھەممەت تەرجىمە قىلدى)



# ژۇرنال ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

**— ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقىغا بېغىشلاپ**

**ئەخمەت ئىمىن**

مەنمۇ بىر مۇھەررىر، ئۆز ۋاقتىدا «تارىم غۇنچىلىرى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىقلاردا ژۇرنالىستلىق قىلغان. ناۋادا ماڭا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىش توغرا كېلىپ قالسا، سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مۇشۇنداق بىر ژۇرنالنى خەلق - بوگۈنكىدەك قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال قىلىپ ئىشلىيەلەيتتىمكىن، تاڭ. ژۇرنالىستلىق ئاسان ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ سىياسىي ژۇرناللارنى ئومۇمىي خەلقنى ئەتراپىغا يىغالىغۇدەك قىلىپ ئىشلەش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. بۇ مۇھەررىرلەردىن ناھايىتى زور سەزگۈرلۈك، ئاجايىپ دىت تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرىنى كۆرگەندە، مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزگىچە بىر تالانتىنى بايقاپ كېلىۋاتىمەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگەن بۇ تېما، ئەلۋەتتە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەمدەملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەزكۇر ژۇرنال بۇ مەزمۇنلارنى يورۇتۇشتا، ھەر بىر مىللەت ئەزاسىغا ئۆز - ئۆزىنى، ئۆز ھوقۇقىنى، مەنپەئىتىنى تونۇتۇش جەھەتلەردە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. «مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار»، «مىللەت خەزىنىسى»، «مىللەتلەر مۇنبىرى»، «دۇنيا مىللەتلىرى» سەھىپىلىرىدىكى ئۇقۇرمەنلەر كاللىسىدا تەبىئىي سىڭىشتۇرما پەيدا قىلىدىغان ئاجايىپ بېكىنلىقلار، «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ»دىن ياڭراۋاتقان چوقان، ھەسرەت، ھېسداشلىق ۋە ئىنتىلىش روھى... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت غايەت زور چىنارنىڭ گۈزەل شاخلىرى بولغان مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىنى، جۈملىدىن بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنى يورۇتۇشتا ۋاستىلىك رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن بۇ ژۇرنالنىڭ قاشقىسىغا يېزىلغان «بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز، ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن» دېگەن بۇ ياياناتقا قايىللىق نەزىرىم بىلەن پات-پات قاراپ قويىمەن. بۇنىڭدا بىر قارىسىڭىز، تۆۋەنچىلىكمۇ بار، يەنە بىر قارىسىڭىز، ئۆزىگە زور ئىشىنىشمۇ بار. بىر تەرەپلىمە ھالدىكى تۆۋەنچىلىكمۇ، يوغانچىلىقمۇ كىشىنى خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئىككى خاراكتېرنىڭ بىر ۋۇجۇدتىكى مۇجەسسەم ھالىتى ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ. «گۈلدەستە» دە ئېلان قىلىنىۋاتقان تاڭسىق - تاڭسىق ئەسەرلەرنى




ژۇرنالنىڭ باياشقىدەك ئۆزگىچە مىجەزىنىڭ غەلىبىسىمىكىن، دېگۈم كېلىدۇ.

ژۇرنالدىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىنى

ئويغا سالالىسا، ياڭراق ساداسى بىلەن ئۇقۇرمەنلەر قەلبىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، يەنە ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە «ئوقۇرمەنلەر ساداسى»دا مەيدانغا ئاتالىسا، «كۆلكە خۇرۇچلىرى» بىلەن چارچىغان ئەسەبلەرنى تەڭشەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھەزىلچىلىك سورۇنغا تارتىپ، ئۇلار بىلەن سەمىمىي چاقچاقلىشىپ ئۆتەلىسە، قانداق مۇھەررىر پۇخادىن چىقمايدۇ. دېيىسىز! مەن «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» سەھىپىسىنى كۆرگەندە، تازا ئەستايىدىل دەرس سۆزلەۋېتىپ، تورۇپلا ئىككى ئېغىز يۇمۇرلۇق گېپى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى روھلاندۇرۇۋېتىدىغان ئوقۇتقۇچىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن.

50 سان چىقىرىش بىر ژۇرنال ئۈچۈن ھېچقانچە ئۇزۇن مۇساپە ئەمەس. دېمەك، بۇ ژۇرنال تېخى ياش. ژۇرنالنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپ 80 نەچچە مىڭ ئوقۇرمەنگە ئىگە بولالىشى (بۇ سان ژۇرنالنى بىر-بىرىدىن ئۆتنە ئېلىپ ئوقۇيدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەلۋەتتە) ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇ بىرىنچىدىن، يەنىلا ژۇرنال سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن بولغان بولسا، ئىككىنچىدىن، مۇھەررىرلەرنىڭ تارقىتىش يولىنى تىرىشىپ راۋانلاشتۇرغانلىقىدىن بولغان. شەھەرمۇ- شەھەر، يېزىمۇ- يېزا يۈرۈپ ژۇرنالنى چۈشەندۈرۈش، تەشۋىق قىلىش ھەم ئوقۇرمەنلىرىنى چۈشىنىش، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىگە ياقىدىغان ژۇرنال ئۇسلۇبى بېتىلدۈرۈش پەقەت ئۆزىنى كەسىپكە بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولغان ژۇرنالىستلارغىلا خاس ئىش. بۇ جەھەتتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»دىكى كەسىپداشلىرىم ياخشى ئۈلگە ياراتتى. ئاخىر نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى تاللىدى. مەن كەسىپداشلىق سالاھىيىتىم بىلەن بۇ ژۇرنالدىكى مۇھەررىرلەرنى بۇ نەتىجىلىرى بىلەن تەبرىكلەيمەن ھەم ئاپتورلۇق سالاھىيىتىم بىلەن




شۇنىمۇ دەپ قويغۇم كېلىدۇكى، مەنمۇ سىلەرنى تاللىدىم، ئاغىنىلەر، سىلەرنى!

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)

## مەن ئاخىر تاللىدىم مۇشۇ بەلەننى

**ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقىغا بېغىشلاپ.**

**ياسىن ھاۋازى**

ژۇرنىلىم باستى ساق ئەللىك قەدەمنى،
قەدەمدە گۈل بىلەن تىكلەپ ئەلەمنى.
گۈل ھىدى كۆڭلۈمنى مەسخۇ شان ئېتىپ،
ئىشقىدا سايراتتى شەيدا قەلەمنى.

ئاستانەم بېغىغا قېتىلدى بۇ گۈل،
بەش گۈلنىڭ بىرى بوپ ئېچىلدى بۇ گۈل.
سەككىز يىل ئىچىدە يېتىلدى بۇ گۈل،
مەن ئاخىر تاللىدىم مۇشۇ بەلەننى.

باراۋەرلىك، ھەمكارلىق ئۇنىڭ شوئارى،
ئىتتىپاقلىق ـ يۈكسىلىش قاشقا ـ تۇمارى،
بىرلىكتە ياشناشتۇر مەڭگۈ خۇمارى،
ئەبەدى بىلمەيدۇ خازان دېگەننى.

پارتىيەم نۇرى بار بۇ گۈل بەرگىدە،
تەھرىرلەر ئەجرى بار بۇ گۈل كۆركىدە،
ئوقۇرمەن قەلبى بار بۇ گۈل چېھرىدە،
يەنە بۇ قەدەمدىن باسار تۈمەننى.

بۇ گۈلنى كۆيلىگەن مەنغىنا ئەمەس،
سەكسەن مىڭ يۈرەكتە بۇ ئىستەك پەۋەس،
قانچىكى كۆيلىسەم كۆيۈم تۈگمەس،
قوبۇل ئەت ژۇرنىلىم سوۋغا ـ غەزەلنى.

1996 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.



# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ۋە مەن

**ـــ ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن**

**● ئەخەت ھاشىم ●**

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر قۇش تۇخۇمدىن چىققان بولسىمۇ تېخى ئۇۋىسىدىن چىقمىغان، قىپقىزىل ئەتلىمە گۆش چېغىدا ئەلۋەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىنۇت-سېكۇنتلاپ چوڭىيىپ، قانات-قۇيرۇقلىرى يېتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، گۈزەللىكنى نامايان قىلغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالىدۇ... خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن دوستىمىز، سىردىشىمىز، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان مەملىكەت دەرىجىلىك قوش ئايلىق ژۇرنال ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىمۇ بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن چاغلاردا كىشىلەرنى ئۆزىگە بوگۈنكىدەك كۈچلۈك جەلپ قىلىپ كېتەلمىگەن، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق بىر ژۇرنالنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنىمۇ ئانچە بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر ئۇنىڭ نامىغا قاراپلا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، نەچچە باھار، نەچچە قىشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ژۇرنال ھازىرغىچە 50 سان چىقىرىلىپ ئىسلاھاتنىڭ شىددەتلىك قايناملىرىدا تاۋلىنىپ، قانات-قۇيرۇقلىرى يېتىلىپ گۈزەل ھۆسنىگە تولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە تارتتى. ھالا بۈگۈنگە كېلىپ بۇ ژۇرنال بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل رىشتى تەبىئىي بوسۇندا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى...

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1991-يىلى باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئىدرىس بارات ئۇشتۇمتۇت ئىشخانىمىزغا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى ۋە بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن دىۋانغا ئولتۇرۇپ:

— ژۇرنىلىمىزنى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمىز، تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتامسىلەر، كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ-قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ژۇرنال ئەۋەتكىنىڭلەرگە رەھمەت، — دېدىم مەن ۋە خىجىل بولۇپ قوشۇپ قويدۇم، — مەن ژۇرنالدىكى ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئوقۇپ چىقالمىغان بولسامۇ، ھەرھالدا كۆپ قىسىم ماقالىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. يېقىندىن بۇيان چىقىۋاتقان ماقالىلەر خېلى ياخشى.




باشقا يولداشلارمۇ بۇ ژۇرنال ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئېيتىشتى. مەن:

— ژۇرنالنىڭ ئۆزى نەدە بولىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— تېخىچە خەۋىرىڭىز

يوقكەن ـ دە! ـــ دېدى ئىدرىس بارات كۈلۈپ كېتىپ، ـــ مۇشۇ سىلەرنىڭ نەشرىياتتا. نېرىقى بىنادىن بىر ئېغىز ئىشخانىنى ۋاقىتلىق ئارىيەت ئېلىپ تۇرغان، شۇ يەردە ئىشلەۋاتىمىز. مېنىڭ بۇ ژۇرنالغا يېتەكلىك قىلىدىغانلىقىمنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ھازىرچە شارائىتىمىزنى ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، تەھرىر كۈچىمىزمۇ ئاجىزراق. لېكىن بۇلار ۋاقىتلىق ئەھۋال. چوقۇم ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

شۇ ئەسنادا ئارىمىزدىن كىمدۇر بىرەيلەن ژۇرنالنىڭ نامىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېمەي، باشقىچىرەك بىر نېمە دەپ ئۆزگەرتكەن بولسا ياخشى بولاتتى، دېگەن گەپنى قىلىپ قالدى.

ـــ ئىلگىرى باشقىلارمۇ مۇشۇنداق پىكىرلەرنى قىلغان ـ دەپ جۇشەندۇرۇشكە باشلىدى ئىدرىس بارات، ـــ بەلكى مەنمۇ شۇنداق قارىغان. راست گەپنى قىلغاندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق. مەزمۇنىمۇ ياخشى، لېكىن بۇ سۆزنىڭ قۇلاققا غەيرىيرەك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا يۇتۇنلەي لەنتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە چېكىدىن ئاشقان سول سىياسەتلەرنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى سەۋەب بولغان. ئۇلار ئاغزىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دەپ ناھايىتى چىرايلىق گەپ قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇنى بۇرمىلىدى. تەبىئىي نەرسىنى سۈنئىي نەرسىگە، شەكىلۋازلىق، ياسالمىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا كۆپ كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنداق شەكىلۋازلىقتىن بىزار بولغىنى راست. ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. ھەممە ئىشلار ئىزىغا چۈشۈۋاتىدۇ. ژۇرنالنى سۈپەتلىك، جانلىق، رەڭدار چىقارساق، راست گەپنى كۆپرەك قىلساق، ئىشنى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مېنىڭچە گەپ ئىسىمنىڭ قانداق بولۇشىدا ئەمەس، مەزمۇنىدا، قانداق دېدىم؟

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق.

پارىڭىمىز مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلدى. يولداش ئىدرىس بارات يولداشلارنىڭ كۆپرەك ياردەم بېرىشىنى، بولۇپمۇ ژۇرنالغا كۆپرەك ئەسەر يېزىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىزمۇ كۈچىمىزنىڭ بارىچە ياردەمدە بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

ـــ ژۇرنىلىمىزغا ئەسەرنى قانچە كۆپ يېزىپ بەرسەڭلار بىزگە شۇنچە كۆپ ياردەم قىلغان بولىسىلەر، ـــ دېدى ئۇ ناھايىتى سەمىمىي ھالدا، ـــ ھازىر ئۆز ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بەك كەم بولۇۋاتىدۇ. تەرجىمىگىلا يۆلىنىۋېلىش ياخشى چارە ئەمەس.

ـــ بىراق مېنى ئەسەر يېزىپ بەر دېسىڭىز ھېكايە، مەسەل دېگەندەك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىلا يېزىپ بېرەلەيمەن. بۇلار ژۇرنىلىڭلارغا مۇۋاپىق كېلەرمۇ؟ ـــ دېدىم.

ـــ مېنىڭ سىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنىممۇ دەل شۇ خىلدىكى ئەسەرلەر، ـــ دېدى ئىدرىس بارات ۋە نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ قارىغاندا بەزى يولداشلار ژۇرنىلىمىزنىڭ نامىغا قاراپلا مىللەتلەر



ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت سىياسىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەردىن باشقا نەرسىنى باسمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. توغرا، ژۇرنىلىمىز مىللەتلەر ئىشلىرىغا ئائىت سىياسەت خاراكتېرلىك ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى باسىدۇ، ئەلۋەتتە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىدۇ، لېكىن بۇنى نوقۇل ھالدا، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىلا بېسىش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى بېسىش، جانلىق شەكىل، قىزىقارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر، بىلىم ۋە روھىي ئوزۇقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىمىز، ھازىر ژۇرنىلىمىزدا ئون نەچچە سەھىپە بار. قايسى سەھىپىگە ئەسەر يېزىشنى خالىساڭلار شۇنىڭغا يېزىۋېرىڭلار، ئەلۋەتتە قارشى ئالىمىز.

مۇشۇنداق ئىختىيارىي پاراڭلىشىش نەتىجىسىدە بىزدە ژۇرنال توغرىسىدا بىگىچە تونۇش ھاسىل بولدى. ئىدرىس بارات ئاخىرىدا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن:

— ھازىرچە ژۇرنىلىمىزنى ناھايىتى سۈپەتلىك، سەۋىيىلىك، ياخشى چىقىرىپ كېتىشتە بىرئاز قىينىلىمىز، ھەقىقەتەن بەزى كونكرېت قىيىنچىلىقلارمۇ بار. لېكىن ئىشەنچىمىز كامىلكى، بۇ قىيىنچىلىقلاردىن ئۆزىمىزغا قالماي قۇتۇلۇپ كېتىمىز، نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، كەينىمىزدە تاغدەك يۆلەنچۈكىمىز بار يەنى ژۇرنىلىمىزنى خەلق ئاممىسى ۋە يۇقىرىدىن تارتىپ تاكى تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، رەھبەرلەر ناھايىتى قىزغىن قوللاۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ بەردى. بۇ بىزگە قىلىنغان غايەت زور غەمخورلۇق، كۈچلۈك مەدەت ئەمەسمۇ!؟ بارلىق كۈچىمىز بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئىشلىسەك، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ژۇرنىلىمىزنى سۈپەتلىك، قىزىقارلىق چىقىرىپ كىتابخانلارنىڭ يېقىن دوستىغا، سىردىشىغا ئايلاندۇرمايدىغان بولساق، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئالدىدا، تەشكىل ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمىز. بولدى، مەن بۇ يەردە كۆپ گەپ قىلماي، قالغىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرەرسىلەر، — دېدى ۋە كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى...

مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن بۆلۈمىمىزدىكى بەزى يولداشلار ژۇرنالغا ئوبدان ماقالىلەرنى، ھېكايە، نەسىر، شېئىر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ بەردى. مەنمۇ تۇنجى قېتىم «ئالتۇنىنىڭ كارامىتى»، «قۇياش ۋە زېمىن» سەرلەۋھىلىك ئىككى مەسەل يېزىپ بەردىم. ئۇنى ئېلان قىلالامدۇ-يوق تازا ئىشەنچىم يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ژۇرنالغا ناھايىتى ياخشى ئىلمىي ماقالىلەردىن سىرت يەنە ھېكايە، نەسىر، يۇمۇر دېگەندەك ھەر خىل ژانىردىكى مەزمۇنلۇق، ئىخچام، قىزىقارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بېسىلىپ تۇردى. مەندىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارمۇ ئۆزگەردى، بۇ ژۇرنالغا پات-پاتلا ئەسەر يېزىپ تۇرىدىغان بولدۇم. تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارمۇ نېمىلەرنى يېزىش، قانداق يېزىش ھەققىدە قىممەتلىك مەسلىھەت-تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇردى. مەن تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن تىرىشتىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ ژۇرنالغا ھازىرغىچە ئون نەچچە پارچە مەسەل ۋە «مىللىي ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇر ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز»، «پۇل تېپىۋاتقانلارغا ۋە تاپقان پۇلىنى خەجلەۋاتقانلارغا بىر نەزەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ بەردىم. ئاڭلىشىمچە بۇ ئەسەرلەر توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ ياخشى بوپتۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى تەھرىر خادىملار ماڭا زور مەدەت، ئىلھاملارنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئىلھامى، ياردىمى بولمىغان بولسا، بۇنچىلىك ئەسەرلەرنى يېزىشىممۇ ناتايىن ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر مەن بۇ ژۇرنالنىڭ يېقىن دوستى، قىزغىن ئاپتورلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدىم:

ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ ژۇرنال پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش راسا چوڭقۇرلىشىۋاتقان، مىللەتلەر ئىشلىرى يېڭىدىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىۋاتقان، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر، بىلىمگە ۋە مەنىۋى ئوزۇققا تەشنا بولۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتلەردە دۇنياغا كەلگەنىدى. دەرۋەقە بىر ژۇرنالنىڭ ياخشى ياكى ناچار چىقىشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسى، ئالقىشىغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكى ئاساسلىقى شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەر سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى

ناچارلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ئاممىنىڭ قەلبىدىكى نەرسىلەر بولسا ياكى ئامما ئويلاۋاتقان، دېمەكچى بولغان گەپلەرنى دەپ بەرگەن بولسا ئامما ئۇنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ ۋە ژۇرنالمۇ ئۇلارنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلىنالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئەلۋەتتە ئامما ھىمايە قىلمايدۇ ۋە قوللىمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەھرىر بۆلۈمدىكى خادىملار پارتىيە سىياسىتىنى ئوبدان بىلگەن، ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى خادىملار سىياسەتنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، ئىگىلىگەچكە، نىشانى ئېنىق بولدى، ئالدى - ئارقىغا قاراپ تەمتىرەپ ئولتۇرمىدى. كەلگەن ماقالە، ئەسەرلەرگە توغرا، ئوبيېكتىپ قارىدى، دادىل بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ژۇرنال بىزنى مول بىلىم بىگى-بىگى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە. بىز ئادەتتە باشقا گېزىت-ژۇرنال ياكى كىتابلاردا ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىغان، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي سىياسەت، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى مۇھىم ماقالە، بولىيورۇقلىرىنى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك ۋە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەزمۇنلار بايان قىلىنغان سەرخىل ماقالىلەرنى: مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق بېيىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە باشقا ساھەلىرىدىكى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ياخشى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى؛ مۇھىم ئۇچۇرلارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى شۇنىڭدەك يەنە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، ئېتنىك مەنبەسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت مۇشۇ ژۇرنالدىنلا كۆرۈپ بىلىپ كېلىۋاتىمىز. قىسقىسى، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىپ رەڭدارلىشىپ بارماقتا. «مىللەتلەر مۇنبىرى»، «ئىقتىساد روجىكى»، «مىللەتلەر مائارىپى»، «مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەت»، «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات»، «مىللەت خەزىنىسى»، «كۆلكە خۇرۇچلىرى»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «دۇنيا مىللەتلىرى»، «گۈلدەستە»، «گۈزەل سەنئەت گۈلزارى» قاتارلىق بىر-بىرىدىن مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق سەھىپىلەر كىشىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالدى. بولۇپمۇ تۇنجى قېتىم مۇشۇ ژۇرنالدا تەسىس قىلىنغان «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسى ۋە ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان «زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ»، «ئەندىشە ئىچىدە تۇغۇلغان سوئاللار»، «بەخت تىلەش»، «بىزمۇ شۇنداق ئانىمۇ؟»، «ئاتا كەممۇ، لاتاكەم؟» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر ئۆزىنى مەن ئويغۇر دەپ يۈرگەن ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنى مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالماقتا. قاتتىق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتماقتا...

مۇشۇ كۈنلەردە مەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ۋە ئامما ئىچىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىۋاتقان سىياسىي، نەزەرىيىۋى، ئىلمىي ماقالىلەرنى، مىللىتىمىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا، ئېلىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى، كەشپىيات-ئىختىرالىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى بايان قىلىنغان سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى، ئاممىباب تىلدا ئىخچام يېزىلغان يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە ھېكايە، نەسىر، شېئىر، قىزىقارلىق يۇمۇر، چاقچاقلارنى ئوقۇپ ھاياجىنىمنى باسالماي قېلىۋاتىمەن. دېمەك باش مۇھەررىر ئىدرىس باراتنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى بىزگە ئېيتقان ئۈمىد-ئارزۇلىرى بۈگۈن ئەمەلىيەتتە تولۇق ئىسپاتلانغانىدى. مانا ھازىر بۇ ژۇرنال دۇنياغا كېلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش، مۇكەممەللىشىش جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئايرىلماس دوستىغا، سىردىشىغا ئايلاندى.

بۇ ژۇرنال نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىدى؟ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياردىمى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، تەشكىل ۋە رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشىدىن باشقا يەنە ئاساسلىقى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا-مۇشەققەت، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماي ئىشلىگەنلىكى، ئىزدەنگەنلىكى، يېڭىلىق ياراتقانلىقى، ھېسابسىز قان-تەر ئاققۇزغانلىقىدىن بولدى دەپ قارايمەن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق خادىملارغا سەممىي سالامىمنى يوللايمەن ۋە ئۇلارنى چىن كۆڭلۈمدىن قۇتلۇقلايمەن! «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 50 سانىڭغا مۇبارەك بولسۇن! جاپالىق ئەگرى-توقاي 50 قەدەمنى شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان ئىكەنسەن، يەنە يۈز، مىڭ، ئون مىڭ قەدەمنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك باسالايدىغانلىقىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل. كەلگۈسى قەدىمىڭگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق، شان-شەرەپلەر يار بولسۇن!

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئالىي مۇھەررىر)



# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى — مىللەتلەرنىڭ گۈلىستانى

**— ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقىغا بېغىشلايمەن**

**ئابدۇكېرىم راخمان**

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال — «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، چاۋشيەن، قازاق قاتارلىق بەش مىللەت تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان، مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ۋە نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى 50 سانغا توشقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينايدىغان بۈيۈك رولىنى تولۇق جەزملەشتۈرۈش ۋە خۇلاسىلەش مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىجادكارلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. دەرۋەقە، شۇنداق. ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلىرىگە ئايانكى، مەزكۇر ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، ئۇنىۋېرساللىقى، ھەرقايسى كۆزنەكلىرىنىڭ جەلپكارلىقى ۋە مەزمۇندارلىقى، سىياسىي نىشانىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ھەققانىيلىقى، ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىگىمۇ بولغان مەنپەئەتدارلىقى، ھەم ھېكمەتلىك ھەم ئىبرەتلىك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقى... دەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ گۈلىستانى ۋە كۆزنىكى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭ سانى يىلسېرى كۆپىيىپ، تىراژى ۋە نوپۇزى شۇ تىپتىكى بەش خىل ژۇرنال ئىچىدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە. بۇ نەتىجە ئەلۋەتتە بۇ ژۇرنالغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىغا، ژۇرنال ئەتراپىغا ئۇيۇشقان نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت كىتابخانلىرىغا، شۇنداقلا ئۆزىنى ژۇرنالچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ ئۈن-تىنسىز ھالدا جاپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ژۇرنالىستلارغا مەنسۇپ.

پېقىرمۇ ھەم مەزكۇر ژۇرنالنىڭ قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر ژۇرنال ھەققىدە دۆلەتنىڭ ئىچى - سىرتىدا قوزغالغان ئىجابىي ئىنكاسلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىمەن.

بۇ يىل 6 - ئايدا ۋېنگرىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا مەڭگۈلۈك ئالتايشۇناسلىق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان 39- نۆۋەتلىك ئىلمىي كونفېرېنسىيىدىن قايتىش سەپىرىمدە موسكۋادا ئولتۇرۇشلۇق جۇڭگو

مۇھاجىرى شېرىپجان ئەھمەتوۋنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. شېرىپجان 1953 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن موسكۋا كومۇركان ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن تۇنجى قارارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سابىق س. س. س. ر كومۇركان مىنىستىرلىكىنىڭ تەتقىقات مەركىزىدە ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ گەرچە چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ۋەتىنىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئۇ ماڭا كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەۋېتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شېرىپجان ئاكىدىن بۇ ژۇرنالغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— چۈنكى مەن ئەسلىدە شىنجاڭلىق ئۇيغۇر. سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە ئېيتقاندا ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيسىمەن. شۇڭلاشقا جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت سىياسەتلەرنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى بىلىشكە قىزىقىمەن. بۇ ژۇرنالدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كاپالەتكە ئېرىشتۈرگۈچى سىياسىي تەدبىرلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان ماقالىلەر بار ئىكەن، بولۇپمۇ ژۇرنالنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» دېگەن كۆزنىكىدە مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ماقالىلەر، مىللەت ۋۇجۇدىدىكى غەيرىي سۈپەتلىك ئۆسمىلەر ئېچىپ تاشلانغان تەقرىزلەر ئېلان قىلىنىپ بىزنى قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدى. بۈگۈنكى دۇنيا يەنىلا مىللىي زىددىيەت ۋە رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىش ئاساسىدا مىللەتلەرنىڭ ئىخمۇ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش — دۇنيا تەقەززا بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى. بۇنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلار ئۆزلىرىنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىنى بەلگىلىشى كېرەك. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ مىللىي غۇرۇر ۋە شىجائەت تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇشۇ جەھەتلەردە مەزكۇر ژۇرنال خېلى ئەتراپلىق خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ»، — دېدى.

دەرھەقىقەت، مەزكۇر ژۇرنالدىكى «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» كۆزنىكى بۇ ژۇرنالنىڭ كەڭ جامائەتچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان جانلىق ئۆزگىچە سەھىپىلىرىدىن بىرى. بۇ ھالنى نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىلغار



پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان موسكۋا قىزىل مەيداندا دوكتور نەبىجان بىلەن بىللە.

تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈش ئېگىز تۇرغۇزۇش يولىدا ئىزدىنىشۋاتقانلىقىنىڭ كونكرېت بەلگىسى دېيىش مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، مىللىي ئاڭ بارلىق ئاڭ كاتېگورىيىلىرى ئىچىدە ھەر بىر كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ پائالىيىتىدە ھەممىدىن روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر يىلتىزلىق ئاڭ كاتېگورىيىسىدۇر. بۇ مىللىي ئاڭ كاتېگورىيە سىستېمىسىنى قانداق قىلىپ ئىنتېرناتسىئوناللىق روھ ئاساسىدا يېڭىلاش، ئەنئەنىۋى مىللىي ئاڭنىڭ قاتمال رامكىلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ دۇنياغا يۈزلىنىش، ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەدبىرى. بۇ ئەلۋەتتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي تەشۋىقات نىشانى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

ھەر قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ كۆزنىكىدىن بەھرە ئېلىۋاتقان ۋاقتىمدا، مىللىتىم ئارىسىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلىسەم ھەم ھاياجان، ھەم ئاچچىق تۇيغۇ قەلبىمنى لەرزىگە سالىدۇ.

ھاياجانلىنىدىغىنىم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مىلودىيىسىگە ئاھاڭداش بولۇۋاتقان يېڭىچە بىر مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ تەدرىجىي (گەرچە قەدىمى ئاستا بولسىمۇ) تۇرغۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى، ھەددىدىن ئاشقان مىللىي پوچىلىقنى ئوت ئېچىپ، «ئا Q» چىلىق روھىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋۇجۇدىدىكى چەمبەرسىمان ئىزلىرىنى تازىلاش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقى، خېلى زور بىر تۈركۈم ياش قىرانلىرىمىز دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشكە رازىمەنلىك بىلەن ئىلىم - مەرىپەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىلىم - پەن چوڭقۇرلۇقىغا قەدەم بېسىۋاتقانلىقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى، ئەنئەنىۋى ئۆدۈملىرىنى ئىبرەت قىلىپ چۈشكۈنلۈك، تەسەللىيچىلىك، پانىي دۇنياچىلىق، قانائەتكويلۇق، روھىي دىۋانىلىق، ھەشەمەتخورلۇق، تۇراقسىزلىق، مەھكۇملۇق، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، چاكىنا سىپاگەرچىلىك، تەلۋىلىك، غورۇرسىزلىق قاتارلىق ئۇزاق مۇددەتلىك بىكىنمە ئاتموسفېرا يېتىشتۈرگەن تېز تارقىلىشچان كېسەل مىكروبلىرىغا قارشى ئىممۇنىتېت ئوكۇلى ئۇرۇۋاتقانلىقى ۋە باشقىلار.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ خېلى كۆپ ياخشى نىيەتلىك كىشىلىرىمىز ئۇيغۇر جەمئىيىتى تۇرۇۋاتقان ئېگىزلىك ھالەتنى، بۇ ئاساسىي مىلودىيىنى تېخىچە تولۇق ھېس قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. «دۇنيا زىددىيەتلەر بىرلىكىدىكى زىددىيەتلەر جېڭى.» (جالالىددىن رومى) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەكسىچە، ئۇمىدسىزلىك بىلەن كۆزلىرىگە مىللەت چۈمپەردىسىنى تارتىۋېلىپ ئۆز تەقدىرلىرىدىن ۋايىسماقتا. بەزىدە ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى پەش قىلىپ دونكىخوتنەك شامال تۈگمىنىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلسا، بەزىدە «ئۇيغۇردەك نادان، قالاق مىللەت دۇنيادا تېپىلمايدۇ»، «قوي گۆشى يېگەچكە شۇنداق» دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە سەپسەتىلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە ۋە ھاقارەتلىمەكتە. مېنىڭچە، بۇ قاراشلارنىڭ ھەر ئىككى تىپى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى ئەمەس. چۈنكى يەككە ئادەم بىلەن تارىخىي يوسۇندا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىق ھېسابلىنىدىغان مىللەت ئوقۇمى ھەرگىز تەڭ ئەمەس. شۇڭلاشقا ئادەملەرنى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىشقا بولىدۇكى، بىر پۈتۈن مىللەتنى ياخشى ياكى يامان دەپ رەتكە تۇرغۇزۇشقا، يەككە ئادەملەرنىڭ نۇقسانلىرىنى مىللەتنىڭ نۇقسانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ.

سېلىشتۇرمىلىق مىسال:

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللەردە ئوقۇتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇرلاردىن مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، ماگىستىر ياكى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر، ئالىي مەكتەپلەردە دوتسېنت ۋە پروفېسسور بولۇپ باھالانغانلار يوق ئىدى. 15 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 200 دىن ئارتۇق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلار 50 كە يېقىن، ئاكادېمىك ۋە دوكتور ئاشتى ئۇنۋانى ئالغانلار بەش ئەتراپىدا. دۆلەت راسخوتى ياكى شەخسىي راسخوتى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە (30 نەچچە دۆلەتتە) ئوقۇۋاتقان ۋە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى جاپاغا چىداش روھى ۋە يۇكسەك ئىرىشچانلىقى بىلەن چەت ئەللىك ئىلمىي خادىملارنىڭ قوللىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا.

28 يېشىدا لېنىنگرادتا تىببىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىقتىدارلىق ئالىم خالمۇرات داۋالاش ساھەسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك كەشپىياتى بىلەن دۇنيا تىببىي ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئالىملارنىڭ بىردەك ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى مائاش، يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئىشلىتىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئانا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزگە يۇرتىكى «مەئىشەت»لىك ھاياتتىن خانەگىرى ۋادىسىنىڭ توپا - چاڭلىرىنى ئەۋزەل كۆردى. يۇكسەك ئىرادە ۋە شىجائەت بۇ ياش ئالىمغا شان - شەرەپ ھەدىيە قىلدى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭدىكى ئەڭ ياش پروفېسسور، مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك ئون ياشنىڭ بىرى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس. ياپونىيىدە ئوقۇپ جۇغراپىيە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تاشپولات ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 35 يېشىدا پروفېسسور، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، شىنجاڭدىكى 1 - تۈركۈم ئۈلگىلىك ياشنىڭ بىرى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇش قاتارلىق ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن شەرەپ - مۇكاپاتلار ئالدىدا قانائەتلىنىپ ئۆزىنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، يەنە ياپونىيىلىك داڭلىق جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «تەكلىماكان جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە خەرىتىلەشتۈرۈش» تەك خەلقئارالىق تەتقىقات ئىمىسىنى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىمەكتە.

فىزىكا ساھەسىدە دوكتور ئاشتى كۇرەش ئىبراھىم، خىمىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى زەپەر ئابلىز، تارىخ پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى نەبىجان تۇرسۇن، فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئالتايشۇناس دوكتور لېتىپ توختى، تۈركولوگ دوكتور ياسىن ھوشۇر، ئابدۇرشىت ياقۇپ قاتارلىق ئۇنلىغان ياش ئالىملار بۆسۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق زىيالىيلىرى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەم يېڭى، ھەم ئىجادىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپداشلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ھېچ بولمىغاندىمۇ بەزىلەر ئېيتىپ يۈرگەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنداق «دۆت، نادان، ساپاسىز» مىللەت ئەمەسلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىدى.

مەن بىۋاستە كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان مۇنداق بىر تەسىراتىمنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سېلىشنى لايىق كۆردۈم. بىزنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز تۇرمۇش شارائىتى گەرچە ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىنتايىن روھلۇق ۋە ئۈمىدلىك ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن بۇ يىل ۋېنگرىيىگە قىلغان ئىلمىي سەپىرىمدە بۇداپېشتتا ئوقۇۋاتقان ئون نەچچە ئۇيغۇر ستودېنت بىلەن بىرقانچە كۈن بىللە بولدۇم. بۇداپېشتتەك يۇقىرى ئىستېماللىق غەرب شەھىرىدە بىر ئادەمنىڭ بىر ئايلىق تۆۋەن سەۋىيىدە غىزالىنىش راسخوتى 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن كەم ئەمەس ئىكەن. بىراق بىزنىڭ بۇ ئۈمىدۋار ئەۋلادلىرىمىز ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتىدىن بېرىلىدىغان 100 ئامېرىكا دوللىرى تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا تايىنىپ، ئىنتايىن تېجەشلىك بىلەن خاتىرجەم ھالدا ئىرىشىپ ئوقۇپ، كۆپىنچىسى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا تاللىنىپ، ئۆتكۈر پەنلەر ساھەسىدە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن دىلرابا ئابدۇلئەھەت بۇداپېشتتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى بۇداپېشت شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارئارا ئۆتكۈزۈلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماجار تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە 1 - لىكنى ئېلىپ 500 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مۇكاپاتلىنىپتۇ.

موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات - ژۇرنالىستلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان پەخىردىن ھېساmدىن ئوقۇش تارىخىدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسىدىن ئايرىلماي بەش يىلنى ئۆتكۈزگەن ۋە بەش يىل بۇدا ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇ ژۇرنالىستلىق كەسپىنى تاماملاپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغاندىن تاشقىرى ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا قوشۇمچە ئوقۇپ، باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەمدىلا 23 ياشقا تولغان پەخىردىننىڭ بۇنداق ئىرىشچانلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى

دوكتورلۇق ئوقۇشقا ھەقسىز تەكلىپ قىلغان.

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تارىخى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن نەبىجان تۇرسۇننىڭ ئاكادېمىيىدىكى تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ ئالتە يىلدىن بېرى تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ۋەتەن، خەلقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھەر كۈنى كۇتۇپخانىدا ئۇن نەچچە سائەتلەپ ئىشلەپ ۋە ئۆگىنىپ، نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئوقۇۋاتقان ئىنستىتۇتنىڭ باشلىقى نىكولاي باسلىيوۋ بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ ھاياجان بىلەن: «بىزدە نەچچە يۈزلىگەن چەت ئەللىك ئاسپىرانتلار ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەبىجاندەك ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىرى ئاز. مەن تارىخىي كىتابلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا «جەسۇر، جەڭگىۋار مىللەت شەرىپىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان. مۇشۇنداق بىر روھ بىر مىللەتنىڭ نەبىجاندەك ھازىرقى زامان پەرزەنتلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. ئەگەر نەبىجاندەك تىرىشچان ھەم ئەقىللىق بالىلىرىڭلار بولسا بىز يەنە بىرقانچە دوكتور تەربىيىلەپ بېرىشكە ھەتتا ئوقۇش راسخوتىنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىشقا تەييارمىز» دېدى. موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاللاپ كۆرستىشىگە ئاساسەن نەبىجان بۇ يىلدىن باشلاپ «دوكتور ئاشتى» بولۇپ ئوقۇۋېتىپتۇ.

تۇرمۇشتىكى كەمتەرلىكى ۋە ئىلمى تەتقىقاتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن تۈركولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئابدۇرېشىت ياقۇپ ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تۈركولوگىيە ئالىمى پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن چەت ئەل ئاكادېمىيىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ھەققىدىكى تەكلىپنامىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ ئۆزى گېرمانىيىدىن سېتىۋالغان ئەڭ زامانىۋى كومپيۇتېر بىلەن قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان «مانى ۋەسىقىلىرى»نى رەتلەپ تەتقىق قىلىپ، خەنزۇ تىلىدا 300 مىڭ خەتلىك كېلىدىغان يۇقىرى ئىلمىي قىممەتلىك ئەسىرىنى ئىشلەپ چىقتى. گېرمانىيە، گوللاندىيە، ياپونىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم ساھەلىرى ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئالاھىدە قىزىقماقتا. ئۇ ھازىر گېرمانىيە ۋە ياپونىيىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شۇ دۆلەتلەردە ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن تۈركولوگىيىدىن لېكسىيە ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى.

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئەمەلىي ۋە تەسىرلىك مىساللار ھەقىقەتەن كۆپ. بۇ، مۇقەررەركى ئاساسلىق تەرەپ. ئەگەر بىز مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئاساسىي تەرەپنى، تەدرىجىي بېيىۋاتقان ئىجابىي ئامىللارنى كۆرمەي، ھەدېسىلا «بىز تۈگەشتۇق!» دەپ ئۆزىمىزدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ۋايساپ ـ قاقشاپ ۋە قىيداپ يۈرسەك، ئۆز ـ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى يوقاتساق، ئۇ ھالدا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تېگىرقاپ، بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئەبگا»غا ئايلىنىمىز. چۈنكى «ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ». دەرۋەقە، بۇنداق قاقشاش ۋە قىيداشقا سەۋەب بولۇۋاتقان تارىخىي، ئىجتىمائىي مەنبەلەرنىمۇ چەتكە قاقمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى نىيەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ قەلبىنى ئازابلاۋاتقان، تەدرىجىي شەكىللىنىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپ قېنىنى، ۋۇجۇدىنى چىرىتىۋاتقان بەزى ئەجەللىك نۇقسان ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز ھەم بار. بۇ نۇقسانلارنى ئىخچاملاپ، خۇددى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى ئېيتقاندەك «ئومۇمىي ساپا جەھەتتىكى نىسبەتەن تۆۋەنلىك» دېسەك ئارتۇق كەتمەس. بىز بۇنداق نۇقسانلارنى پەقەت مىللىي ئاڭ نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك ۋە مىللەتنى ھەقىقىي سۆيۈشتەك سەممىيەت ئۆلچىمى ئاساسىدا ئۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي يىلتىزىنى قازالىساق، ئاندىن بۇ مەنىۋى كېسەلگە شىپا تاپالايمىز.

مەن ھەر يىلى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ ماكانلاشقان قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ تۇرىمەن. تارىختا «مەدەنىيەت بۆشۈكى»، «مەدەنىيەت ئوچىقى» دەپ نام ـ شەرىپى تارقالغان مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالەمگە مەشھۇر پەخىرلىك ئوغلانلارنى يېتىشتۈرگەن بۇ ئېزىز ئانە تۇپراقنىڭ بۈگۈنكى مەنىۋى قىياپىتى كىشىدە ئەجەبلىنىش، خورسىنىش ھېسلىرىنى قوزغايدۇ . . . «شەرق بويىچە ئەڭ كاتتا بازار» دەپ نام ئالغان قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى زىيارەت قىلىسىڭىز سەرەڭگە قېپىدەك رەت ـ رەت بولۇپ كەتكەن نەچچە مىڭلىغان دۇكانلاردا خېرىدار

چاقىرىپ سودا قىلىۋاتقان دۇكان خوجايىنلىرىنىڭ %80 — %90 ى 15 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى سەبىي بالىلار ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. ئېغىز ئالدىغا ئۆزىدىن چوڭ تەۋەككۈلنى ئېسىۋېلىپ كوچا ئارىلاپ «تاماكا، سەرەڭگە!» دەپ توۋلاپ يۈرگەن بالا «تىجارەتچىلەر»چۇ؟ ئۇلار بوقىسىزلىقتىن ئوقۇيالمىغانمۇ ياكى كەلگۈسىدىن نائۈمىد ئاتا- ئانىلىرىنىڭ ئۇلارغا قىلغان «شاپائەت»مۇ؟ بەزى ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەشقەردە ئۆتكەن يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش نىسبىتى %50 ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كەتكەن. مەن بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ بەزى ئاتا- ئانىلار بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، «باشلانغۇچ مەكتەپتىن كېيىن بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇشتىن توختىتىپ، قانداقلا ئىشقا سالساق كۆنىدىكەن. شۇنداق قىلىپ 17 — 18 ياشقىچە ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى تاللىۋالىدىكەن. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتساق پەقەت ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىشتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. ئالىي مەكتەپكە ناۋادا كىرەلمەي قالسا ئۇنداق بالىلار ھېچ ئىشقا مەيلى يوق ئاقىۋەتچى بولۇپ قالىدىكەن. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسا، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تېپىش قىيىن تۇرسا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇن نەچچە ياش — قايماقتەك يۇمشاق ۋاقتىدا بىرەر ھۈنەر ياكى سودا يولىنى ئۆگەتكىنىمىز تۈزۈك» دېيىشىدۇ. شۇنداق، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىمىزدا «ئوقۇش = كادىر بولۇش» ئۇقۇمى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكىدەك ئاۋۋال ئوقۇپ، مۇئەييەن پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇش، ئاندىن ئىش تۇرىنى تاللاش، قىسقىسى مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن بولۇش ئېڭى تېخى بىزدە تۇرغۇزۇلمىغان. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن دەۋر تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغان. ئاتاقلىق پەيلاسوپ مەۋلانا جالالىددىن رۇمى «كىمكى دۇنيانىڭ غېمىنى يېمەي، ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلىسا، بىر ئۆزى ئۇچۇنلا كۆيۈپ - پىشسا ئۇ ئىنسان ئەمەس، بەلكى ھايۋاندۇر» دېگەن. دەرۋەقە، ئېرىشكەنگىلا قانائەت قىلىش — مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە قەدەم تاشلاش — ھەققىي ھاياتلىق.» ھەرقانداق مەسىلىنى ئىجابىي نۇقتىدىن، ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن چۈشىنىش كىشىگە روھىي ئازادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان روھ ئەقلىمۇ ئەمەس.

كۆڭۈلمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ بىرلىكنى ئالاھىدىلىككە قوشۇش، ئالاھىدىلىكنى بىرلىكتە كۆرۈش ئېشتىياقىدۇر.

بىر كۈنى قەشقەردىكى بىر چوڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ مۇنداق بىر ئەھۋالغا يولۇقتۇم. 20 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۈچ - تۆت بالا چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرنىلاردەك سەپ بولۇشۇپ، ھېچنېمىدىن پەرۋاسىز ھالدا بىر - بىرىگە ۋارقىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر كىرا ماشىنىسى ئۈزۈلدۈرمەي سىگنال بېرىپ يول بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. بۇ «ئەزىمەت»لەر ماشىنا سىگنالىغا قەستەن پىسەنت قىلماي ماشىنىغا قاراپ قويۇپ، شوپۇرنى مەسخىرە قىلىپ، ماشىنا بىلەن يول تالىشىۋاتاتتى. يۈرۈشكە ئىلاجسىز قالغان شوپۇر بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، بۇ «ئەزىمەت»لەردىن بىرى ماشىنىنىڭ ئالدى يانچۇقىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇردى. بۇنداق يولسىزلىققا چىدىمىغان شوپۇر كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ: «بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ پىيادىلەر يولىدا يۈرمەي نېمىشقا چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالىسىلەر؟» دېيىشىگە «ۋەي كاپىر! بۇ يول بىزنىڭ، ماشىنام بار، دەپ تېخى بىزگە ئۇدۇق - بۇدۇق دەيسىنا؟!» دەپ قەستەن جېدەل چىقارماقچى بولۇپ ماشىنىنى ئورۇۋالدى. بۇ جەرياننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا، كارىم بولماي كېتىشنى ۋىجدانىم راۋا كۆرمەي، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سۈلھى - سالا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. «ئۇكىلار! ئۇنداق يولسىزلىق قىلماڭلار، بۇ شوپۇردا نېمە گۇناھ؟» دېيىشىمگە ئۇلار ماڭا گۈلىيىپ: «ۋاي ئاكا، سىلىدەك پوردىقچىلارنىڭ دەستىدىن بىز مۇشۇ كۈنگە قېلىۋاتىمىز. سالاچىلىق قىلماي يوللىرىغا ماڭسىلا!» دېيىشتى. ناۋادا قاتناش ساقچىلىرى پەيدا بولمىغان بولسا بۇ يەردە يەنە قانچىلىك «تاماشا» بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.

نادانلىق ئېگىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بۇنداق ئەخمىقانە نوچىلىقنى ئۇرۇمچىدىمۇ پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. كىم يولسىزلىق قىلسا، ئۇ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورتاق قارشى تۇرۇش ھەممىمىز ئۈچۈن ئەقەللىي ساۋاتقۇ؟ ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ۋىجدانى بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلالىغان كىشىلا ئىنسانىي پەزىلەتكە

ئېرىشەلەيدۇ، ئىنسانىي پەزىلىتى بولغان كىشى ئىنسانىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەرقانداق ئىنساندا ئۆزىنىڭ قارار ئىرادىسى بىلەن ئىستىقبالىغا قاراپ ئىنتىلىش روھى بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەممىدىن ۋايساپ- قاقشاپ، ھەممىدىن قېيداپ يۈرسەك، ئۆز ئورنىمىز ۋە بۇرچىمىزنى بىلمىسەك، ئالەم گوياكى مەنىسىز بىر زىندان بولۇپ تۇيۇلىدۇ. مەن دوستلارنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا نوپۇزلۇق بىر گېزىتنىڭ پىشقەدەم مۇخبىرىدىن مۇنداق بىر ئۇچۇرنى ئاڭلىدىم: مەلۇم شەھەردە ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىدا بىر باشلىق ئاشكارا ھالدا مىللىي سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان نۇتۇق سۆزلەپتىمىش، مەن ھەيران قېلىپ بۇ مۇخبىرغا «خاتالىق ئېنىق تۇرسا، سىلەر نېمىشقا گەپ قىلمىدىڭلار؟» دېسەم ئۇ «بەللى ئەپەندى سىلە ۋەزىيەتنىڭ ئارقىدا قاپلا، باشلىقنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىشقا كىمنىڭ ھەددى؟» دەيدۇ. ئۇيلىنىپ قالدىم. ھېچبولمىغاندا پارتىيە گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كىشىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئىنكاس قىلىش ھوقۇق- مەجبۇرىيىتى يېتەرلىكقۇ؟!

ھەقىقەتەن، جەمئىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولغاچقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ياكى مىللەتلەرئارا مۇناسىۋەتتە نىسبىي تەڭسىزلىك ياكى قىسمەن كۆڭۈل ئازارلىقىدىن ساقلىنىش تەس. لېكىن ھەقىقەت ھەردەم تىرىك؛ ھەردەم تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشەنگەندىلا كىشىدە جۈرئەت تۇغۇلىدۇ. ئەكسىچە، كىشىلىك بۇرچىمىزنى ئۇنتۇپ، سوغۇق تەسىراتقا يولۇققاندا كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ ھەممىگە قېيداپ يۈرسەك كۆڭۈل ئازارلىق تېخىمۇ ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ. ھەر بىر شەخس ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى چوڭقۇر بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىكى ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى ئەنە شۇ. «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن بۇ ئاقىلانە ھۆكۈمنى بۇندىن 1000 يىللار ئىلگىرى مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغانىغۇ؟ يېزىدە «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن تەمسىل بار. خۇددى «قېيدىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان» دېگەندەك، زىيان- زەخمەت كۆرمەيلى دېسەك، قېداش ئېگىنىڭ ئورنىغا قانۇنچىلىق ئېگىنى تۇرغۇزۇش ھەممىدىن زۆرۈردۇر.

ئەينەك بولمىسا ئىنسان ئۆز چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ باشقا بىر كىشىسىز ئۆزىنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى جامائەت ئەزاسى ھېسابلىنىدىغان ئىنسان ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن چۈشىنىدۇ. ئەمما ئىنسان مېخانىك ئەينەك ئەمەس. ئۇ ئەكسىمۇ ئەتتۈرىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ھەم يورۇتىدۇ، سۇبيېكتىمۇ ئۆزى، ئوبيېكتىمۇ ئۆزى.» (جالالىددىن رۇمى)بىز ئېگىمىزنى پەلسەپە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەندىلا، ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنى ۋە ئۇلاردىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى توغرا كۆزىتىش ۋە ئەقلىي جەھەتتىن خۇلاسىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. بىز ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشىمىز مۇمكىن؛ پەقەت بىرلا نەرسىنى — دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدۇق، نېمە ئۈچۈن ياشايمىز شۇنى ئۇنتۇمساق بولغىنى. ئۆزىدىكى ئازغىنە كەمتەردىن ھەقىقەتنى تاپالىغان كىشى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىمۇ تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

* * *

مېنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تەسىراتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ رەڭمۇرەڭ سەھىپىلىرىدىن بەھرە ئېلىش ئاساسىدا تۇغۇلدى، قەلبىمگە پۈككەن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي گۈللىنىش تەقەززاسىدىن تۇغۇلدى. مەن دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان، كىشىلەر قەلبىدە ماياك بولۇۋاتقان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆزىنىڭ توغرا تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى مىللەتلەر گۈلستانى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۆزنىكى بولۇشقا تىلەكداشمەن.

1996-يىل 10-ئۆكتەبر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

# سەمىمىيلىك ئۇلۇغلىنىشى كېرەك

● قەيسەر مىجىت ●

بۇ راست بولغان ۋەقە ئىدى.

بۇۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا يايما دۇكان ئاچقان بولۇپ، يەل- يېمىش ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ساتىدىكەن .

ئۇ بىرگە سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئىش دەل ئۇ يايما دۇكاندارچىلىقنى توختىتىشنىڭ ئالدىدا بولغانىكەن.

— ھازىرقى ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ تۆۋىنىدىرەك يەردە «مۇنار» دەيدىغان يەر بولىدىغان، ھەر ھېيت ـ بايرامدا بىز تىجارەتچىلەر ئاشۇ يەردە يايما يېيىپ مال ساتاتتۇق، باللار ھېيتلىق پۇللىرى بىلەن بىزدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى، — دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى بوۋام ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى تەتىلدە ئۆيگە قايتىپ بارغىنىمدا، — ئاشۇ يىللىرى بىر روزى ھېيتتا ھېيت بۆلەكچىلا قىزىپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مېنىڭ يېنىمدا دائىم دېگۈدەك ئولتۇرۇپ مال ساتىدىغانلارنىڭ بىرىنى «قۇناخۇن ئۇستام» دەپ ئاتايتتۇق. شۇ ئادەمنىڭ 10 ـ 11 ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغلىمۇ بولىدىغان. شۇ كۈنى ئاشۇ بالىمۇ دادىسىغا ياردەملىشىپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپتىكەن. بازار بەك قىزىپ كەتكەچكە، ئۇ مېنىڭ دىققەتسىزلىكىمدىن پايدىلىنىپ بىر موچەن قىممىتىدىكى بىر كىچىك قەلەمتىراشنى تىقىۋاپتۇ. ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، نېمە بولدى دېمەمسىلەر؟— بوۋام قىزىشىپ ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتقانىدى، — بۈگۈن چۈشتە ماللىرىمنى يەكشەنبە بازاردا سېتىپ ئولتۇراتتىم، تەمبەل بىر ئادەم «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ چىرايلىققىنە سالام بېرىپ يېنىمغا كەلدى، قاراپ تونۇيالمىدىم. ئۇ ئۆزىنى ھېلىقى «قۇناخۇن ئۇستامنىڭ ئوغلى» دەپ تونۇشتۇردى ۋە ھازىر ئۆزىنىڭ قاسساپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ھال كۈنىنىڭ خېلىلا ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بالا چېغىدا بالىلىق قىلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ مېنىڭ دىققەتسىز تۇرغان چېغىمدىن پايدىلىنىپ بىر كىچىك قەلەمتىراشنى تىقىۋالغانلىقىنى ، 30 يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا بۈگۈن ئاشۇ قەلەمتىراشنى تۆلەپ بەرمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ 5 يۈەن پۇلنى تەڭلەپ تۇرىۋالدى. مەن «مەن رازى» دەپ زادى ئالغىلى ئۇنىمىدىم. لېكىن ئۇ چىڭ تۇرىۋالدى. تىۋۋا، مەن بۇنداق ئىشلارنىڭ بولارنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگەتكەنىدى بوۋام.

شۇ چاغدا بۇ ئىشنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ ماڭا خېلى زور تەسىر قىلغانىدى. تېخى تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدە تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بوۋامنىڭ ئاشۇ ھېكايىسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئۇنى ئاڭلىغان بىرەيلەن ئۆزىنىڭ 13 ـ 14 ياش چاغلىرىدىكى تۇرمۇش تازا قاتتىق چاغلارنىڭ بىر كۈنىدە ئۆيىنىڭ كەينىدىن 12 يۈەن پۇل تېپىۋېلىپ، مەھەللىسىدىكى بارات ئاخۇن ئىسىملىك بوۋاينىڭ يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى بوۋايغا تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئۆزى خەجلىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئەمدى شۇ ئىش ئۈچۈن پۇشايمان يەۋاتقانلىقىنى، بىرنى بەش قىلىپ قايتۇرۇپ بېرەي دېسە، ئۇ بوۋاينىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشقا بىر كەنتكە ياتلىق بولۇپ كەتكەن يالغۇز قىزىغا بولسىمۇ ياندۇرۇپ بېرىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىككىنچىسىمۇ، ئۈچىنچىسىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى بىر- بىرلەپ سۆزلەشكە باشلىدى. لېكىن بۇ ئىشتىن مەن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. چۈنكى بۇ كىشلەر ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن بويىنغا ئېلىشقانىدى.

مېنىڭچە، بۇنىڭ ئۆزى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش.

دېمەك، سەمىمىيلىك — ئۇلۇغلاشقا، قەدىرلەشكە تېگىشلىك خىسلەت، ئۇلۇغ كىشلەرنىڭ ئۇلۇغلىقى دەل ئۇلارنىڭ باشقىلاردا يوق خىسلەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىدا.

نۆۋەتتە، بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا، ئىجتىمائىي ئەخلاق

ۋە گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر نى- نى سىناقلارغا دۇچ كەلمەكتە. جەمئىيەتتە، «كىشىلەر بىلمەيدۇ، ھېچكىم كۆرمەيدۇ» دەپ ئويلاپ ھۆكۈمەتنىڭكىنى ، پۇقرانىڭكىنى، ئاجىزلارنىڭكىنى يەپ - ئىچىۋالىدىغان، تىقىۋالىدىغان نەپسانىيەتچى كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس، ئىنسانىي غۇرۇرى، كىشىلىك قەدىر- قىممىتىنى ماددىي - مەئىشەتكە، نام- ئابرويغا، راھەت- پاراغەتكە تېگىشىۋاتقان كىشىلەرمۇ خېلى تېپىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ماددىي جەھەتتىكى ئازغىنە مەنپەئەتنى قوغلىشىپ ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتە چۈشكۈنلىشىش ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغاش ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھادىسە، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كالۋا، رەزگى ئادەملەر گۈزەل ئىنسانىي سۈپەتلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، مەسىلەن، سىز كەمتەر بولۇپ ئۇنى ھۆرمەت قىلسىڭىز «ھە، مەندىن قورقتى» دەيدۇ، سەممىي بولسىڭىز «كولدۇرلىتىۋاتىمەن، ئەخمەق قىلىۋاتىمەن» دەپ سەممىيلىكىڭىزنى نادانلىققا تەڭ قىلىپ كۆرىدۇ. جان پىدالىق كۆرسىتىپ خالىس ياردەمدە بولسىڭىز، گويا سىزنىڭ ئاشۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتىڭىز باردەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ- دە، ئۆزىچە گىدىيىۋالىدۇ. سىرداشلاردىن بولۇشقا ئىشەنچ قىلىپ قەلبىڭىزنى بەرسىڭىز، «ھە، مەنسىز ياشىيالمايسەن» دەپ كۆرەڭلەيدۇ.

بۇ تولىمۇ كۆڭۈلسىزلىك، تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر. لېكىن مەن قەتئىي ھالدا ئېيتىمەنكى، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان سەممىيلىك، خەلق مەنپەئىتىگە، ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى سەممىيلىك قەدىرلىنىشى، ئۇلۇغلىنىشى كېرەك. چۈنكى سىزنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممىتىڭىز مانا شۇنداق سەممىيلىك ئاساسىدا تىكلىنىدۇ ۋە يۈكسەك دەرىجىگە يېتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممىتىنى ساقلايدىغان ئاڭ، غۇرۇر ۋە ئىشەنچ بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، خەلقتە ئۈمىد، جەمئىيەتتە ئىشەنچ بولىدۇ، دۆلەتتە تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق بولىدۇ!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

## پۇل ھەققىدە ھېكمەتلەر

● پۇل تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدۇ، تەربىيە پۇلى يوق ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدۇ.

— ماسرىن كوكس

● پۇل — جىنايەتنىڭ مەقسىتى، ئۇ كۆپ ھاللاردا جىنايەتنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ.

— ھېنرى فىلدىڭ

● پۇل — بىر خىل كېسەللىك، ئۇنى يۇقتۇرۇۋالغان ئادەم ئۇنى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى خالىمايدۇ.

— مېندېل مارانتىس

● پۇل ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۈچۈن ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سەۋەبى، يامان غەرەزلەر ئۈچۈن جىنايەتنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

— فىللو

● پۇل بىزنى جەننەتنىڭ سىرتىدىكى ھەر- قانداق جاينىڭ پاسپورتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. شۇنداقلا بىزنى بەختنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق نەرسە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— چارلس لامب

● پۇل — بىر ياخشى مالاي، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يامان خوجايىن.

— ھېنرى باۋىن

● پۇل مەلۇم كىشىلەر ئۈچۈن ئاغرىقنى توختىتىدىغان ئەڭ ياخشى دورا.

— رىچارد بارنفىلدى

«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن

# پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلارنىڭ داۋامىدۇر

● مۇختار قادىر ●

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەر ھاياتلىق شارىنىڭ تۇنجى ئىنسانلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىلمۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنغاندىن باشقا، جانلىقلارنىڭ كۆپىيىش سىستېمىلىرىغىمۇ چوقۇنغان ئىكەن، ئۇلار بۇنداق كۆپىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ داۋامى دەپ تونۇيدىكەن، نىھايەت، ئەقىل - ئىدراك ۋە ئىلىم - پەن ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ بۇ «قىلىقلىرى» ياۋايىلىق دەپ قارالماي، بەلكى روشەن ئىلمىيلىك تۈسىنى ئالغان دەسلەپكى ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ قەيت قىلىندى.

ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىدىكى گېن قۇرۇلۇشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھاياتلىق تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ داۋامى ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەڭ ئالىي ھاياتلىق ھادىسىسى دېيىلىدىغان ئادەملەرنىڭ داۋامى ئۇنىڭ تۇپراققا كۆمۈلگەن ئىسكىلىتى، باغچىلارغا قاتۇرۇلغان ئابىدە ھەيكەللىرى ياكى قورام تاشلارغا ئويۇلغان ئىسىم - فامىلىسى بولماستىن، بەلكى قېنى بىلەن جېنىنى، چېھرى بىلەن مېھرىنى، دەرمانى بىلەن ئارمانىنى بېغىشلىغان سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدۇر. خۇددى ھاياتلىقنى سۆيمەيدىغان بىرمۇ جانلىق بولمىغىنىدەك، پەرزەنتىنى سۆيمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۇتلۇق مۇھەببىتىدە ئۆمۈر بويى كۆيمەيدىغان بىرمۇ ئاتا ياكى ئانا بولمىسا كېرەك. ھالبۇكى، قانداق سۆيۈش ۋە كۆيۈش مەسىلىسى قەدىمكى زامان ئاتا - ئانىلىرى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن، بۈگۈنكى زامان ئاتا - ئانىلىرى چۈشەنگەن ۋە چۈشەنمىسە زادى بولمايدىغان مۇقەددەس مەسىلىدۇر.

پەرزەنتلەر — ئاتا - ئانىلارنىڭ داۋامى، ئاتا - ئانىلار بولسا پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكنى شەكىللەندۈرىدىغان ئۆتكۈنچە ئامىل. ئاتا - ئانىلارنىڭ گېن تۈزۈلۈشى — قان تىپى، ھۈجەيرىلىرى، توقۇلمىلىرى، نېرۋىلىرى ئىرسىيەت قانۇنىيىتى بويىچە پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا داۋاملىشىدۇ. تەبىئىتى، مىجەزى، خۇلقى، ھېس-تۇيغۇسى، ھەرىكەت - قىلىقلىرى... مۇھىت ئۇقتىسىدىن پەرزەنتلەرنىڭ پسىخىك ئېڭىغا سىڭىپ كىرىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىملار مۇنداق بىر تەجرىبىنى ئىشلەپ چىققان: ئىككى ياشلىق بىر بالىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىپ مايمۇنلار بىلەن قوشۇپ باققاندا، مايمۇنلارنىڭ قىلىقلىرىدىن تارتىپ ھېس - تۇيغۇسىغىچە بالىغا سىڭىپ قالغان، ھەتتا قىسقىغىنە بەش ئاي ئىچىدە چىرايىمۇ مايمۇننى تارتىشقا باشلىغان، ئەكسىچە بىر پىل بالىسىنى يەسلى بالىلىرىغا قوشۇپ قويغاندا، بۇ پىل بالىسى ئادەم بالىلىرىنىڭ نۇرغۇن ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىنىۋالغان،



بالىلار كۆلگەندە پىل بالىسىمۇ خارتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن، بالىلارنىڭ بىرسى تاسادىپىي يىقىلىپ چۈشۈپ يىغلاپ كەتكەندە، پىل بالىسىنىڭ كۆزىدىنمۇ تارام- تارام ياش تۆكۈلگەن. بۇ تەجرىبە مۇھىتنىڭ ھاياتلىق تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھاياتلىق قەدىرلەشكە تېگىشلىك تەبىئەت ھادىسىسى. ئادەمنىڭ ئۆمرى تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ، 200 ـ 300 يىل ياشاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، غايىلىك ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى پەرزەنتلىرى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇپ، نەچچە ئەسىر ياشاش ئىستىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار ھاياتىدا ئورۇنداشقا ئۈلگۈرمىگەن مۇقەددەس ئارزۇلىرىنى، مەجبۇرىيەتلىرىنى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرۇپ، بۇ ئالەم بىلەن كۆڭۈللۈك خوشلىشىدۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈمىدى دېيىلىدىغان پەرزەنتلەر بولسا بىلىپ ۋە بىلمەي يۇقىرىقى ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بىلمەي تۇرۇپ داۋاملاشتۇرىدىغىنى ئىرسىيەتلىك ئامىللار بولسا، بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرىدىغىنى غايە ۋە ئېتىقادلار ئالامەتلىرى، ئەجىر ھەم مېھنەت كارامەتلىرى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەۋقەنى يەنىلا تەربىيىلەشكە قاراتماي بولمايدۇ. دەرھەقىقەت، پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خاھىشى بويىچىلا تەربىيىلەش ئانچە ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇلدۇر، لېكىن تەلىم ـ تەربىيىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىرسىيەت، مۇھىت، تەلىم ـ تەربىيىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىل ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىشىدىكى ئاساسىي بىرلىك، قانداق مۇھىتنى تاللاش، قانداق تەربىيىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خاسلىقىغا باغلىق.

بۇ بىر قاتار ئىلمىي نەزەرىيىلەردىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەرزەنتنى تەربىيىلەشكە سەل قارىغانلىق، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ داۋاملىشىشىنى خالىمىغانلىق، جۈملىدىن بۇ مۇساپىغا تومۇز تارتقانلىق بولىدۇ!

ھايات ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ يەردىكى گەپ ئۇنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشتا، مۇئەللىپ ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرۇش باسقۇچىدا ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئاداققىچە ئەھمىيەتلىك ياشاش ئۈچۈن، ھەر بىرىمىزدە ئوتلۇق ئىستەك بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئېڭى بولسۇن!

(ئاپتور: پوسكام نېفىت بازىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىدە)

## قۇچاقلىششنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى

نىسەي سارالى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، كوچىدا كۆرگەنلا ئادەمنى يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلىۋالاتتى. ئۇ بەك غېرىبسىنىپ قالغانىدى.

كېيىن ئۇ ياقا يۇرتتا بىر تۈپ دەرەخنى قۇچاقلىغان پېتى ئۇ دۇنياغا كەتكەن...

تېببىي شىلىنىڭ بىر سودىگەر قول ئاستىدىكىلەرگە: «مەن كۆپچىلىكنىڭ مېنىڭ يېنىمغا خۇپىيانە ھالدا كېلىپ باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى ماڭا يەتكۈزۈشىنى ياقتۇرمايمەن، ئەكسىچە يېنىمغا ئاشكارا كېلىپ باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى يەتكۈزگەنلەرنى ياقتۇرىمەن!» دېگەن.

مەن ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەپ ئېلان قىلدىڭىز؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: مەن شىركەتتىكى بارلىق خادىملارنىڭ بىر سىقىم قۇمغا ئوخشاش چېچىلاڭغۇ ئەمەس، ئۈم ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى خالايمەن، دېدى.

ئۇ يەنە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىگە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ كۆمۈركان ساناتورىيىسىگە بېرىپ پسىخولوگىيىلىك داۋالاش مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان «پسىخىكىلىق ساپاسىنى ئاشۇرۇش لاگېرى»غا قاتنىشىش تەكلىپىنى بەرگەن، ئۇ مۇشۇ پائالىيەت ئىچىدىن بىر تۈرنى يەنە كۆرسانتلار ئارا قۇچاقلىششنى ئۆگىنىۋېلىش ھەرىكىتىنى ياقتۇرۇپ قالغان.

قۇچاقلىشىش نېمىدېگەن ئىللىق ۋە گۈزەل بىر قىياپەت ـ ھە!

بىر توپ چۈمۈلە بولۇپ، ئۇلار پۇتبول چوڭلۇقىدا بىر توپ بولۇپ دەريا ئۈستىدە لەيلەپ ئېقىۋاتاتتى. ھەر بىر سېكۇنتتا بىر قىسىم چۈمۈلە بۇ« توپ»تىن ئايرىلىپ ئېقىپ كېتەتتى. بۇ «توپ» قىرغاققا چىققۇچە چوپىلا توپچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ قالغانىدى.

ھەتتا قولى يوق چۈمۈلىلەر چېغىدا قۇچاقلىششنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى تونۇپ يەتكەن.

بىراق، بىز نېمە ئۈچۈن كەڭ قۇچاق ئېچىپ قەلبىمىزنى بىر- بىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرمايمىز!

(بۇھەجەر تەرجىمە قىلدى)

# چېچىنىيگە نەزەر

● ۋۇجيادو ●

**1** 199 ـ يىلى چېچىنىيە كرىزىسى يۈز بەرگەندىن بۇيان چېچىنىيە ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە خەلقئارا جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان مەركىزىي نۇقتا بولۇپ كەلدى.

چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتى روسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى چوڭ كاۋكاز تاغ تىزملىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىدىغان چېچىنىيە تۈزلەڭلىكى ۋە تېرېك ــ قۇمىسكى ئويمانلىقىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى گرۇزىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى داغىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتى بىلەن ۋە شىمالىي ئوستىن جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي شىمال قىسمى ستارو بېلىسكى چېگرا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. پايتەختى گروزنىي. يەرمەيدانى 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ. ئاساسلىق ئاھالىسى چېچىنلەر (%52)، رۇسلار (%29)، ئىنگۇشلار (%12). چېچىنىيە ئەنئەنىۋى يوسۇندا جەنۇبىي رايون (تاغلىق) ۋە شىمالىي رايون (تۈزلەڭلىك) دىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي جۇغراپىيىلىك رايونغا ئايرىلىپ كەلگەن.

### مەمۇرىي رايوننىڭ ئايرىلىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر

شىمالىي كاۋكازدىكى چېچىنىيە دېگەن بۇ زېمىننىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئايرىلىشى 1806 ـ يىلىدىكى تېرېك ئوبلاستى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلانغان، ئۇ چاغدا چېچىنىيىنىڭ زېمىنى تەخمىنەن 62 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تېرېك رايونىدا 1918 ـ يىل 3 ـ ئايدا روسىيە فېدېراتسىيىسىگە قاراشلىق تېرېك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. تېرېكتىكى كازاكلار ئارمىيىسى بىكار قىلىنغان. چېچىنىيە ئۆزىنىڭ قوشنىسى ئىنگۇش بىلەن بىللە مەزكۇر جۇمھۇرىيەتكە كىرگەن.

شىمالىي كاۋكازدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن 1922 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چېچىنىيە ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغان. 1924 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىنگۇش ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغان. 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىككى ئوبلاست قوشۇلۇپ بىرلىككە كەلگەن چېچىن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان. 1936 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بۇ ئوبلاست چېچىن ـ ئىنگۇش سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

1990 ـ يىلى ئوچىغا چىققان مىللەتچى دۇدايېۋ ئېستونىيىدە ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ چىقىپ چېچىن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېز ئارىدىلا بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. 1990 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا «چېچىن ـ ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتىنى چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى خىتابنامە» ماقۇللانغان. 1991 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: بۇ جۇمھۇرىيەت روسىيە فېدېراتسىيىسىگىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قارىمايدۇ، دەپ باياناتىنى ئېلان قىلغان. 1991 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ يەنە «چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا بايانات»نى ئېلان قىلغان. بۇ ھۆججەتلەردە چېچىن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنگۇشلارنىڭ مىللىي، سىياسىي ئالاھىدىلىكى قەستەن ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقتىن، ئىنگۇشلار 1991 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۆز رايونىدا ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىشنى يولغا قويۇپ ئىنگۇشنىڭ روسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەسىدىكى جۇمھۇرىيەت بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىر پۈتۈن چېچىن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئىككى مىللىي گەۋدىگە ئايرىلىپ كەتكەن.

### ئېغىر بالايىئاپەت ئىچىدە قالغان زېمىن

7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆپ قىسىم تۈزلەڭلىك رايونلىرى ھازار خانلىقى (5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى قاتارلىق جايلاردىكى تۈركىي خەلقلەر قۇرغان دۆلەت) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان. 964 ـ، 965 ـ يىللىرى ھازار خانلىقى كىيېۋ كىنەزى قوشۇنى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىرقى

ئۇستىنلارنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغان ئالانىيلار دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان، كېيىن بۇ زېمىن يەنە كۆپ قېتىم يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇش ۋە تاجاۋۇزچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ يەردىكى تۇراقلىق ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قىرغىن قىلىنغان ياكى چوڭ كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئاسانلىقچە كىرگىلى بولمايدىغان جىرالىرىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن.

18 - ئەسىردە چار روسىيە ھۆكۈمىتى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى پائال يولغا قويغان. كاۋكاز رايونى تۈنجى بولۇپ روسىيە بىلەن تۈركىيە، پېرسىيىنىڭ شىددەتلىك تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. 1722 - يىلى چار روسىيە ئارمىيىسى قەبىلە ئاقساقاللىرى بۆلۈپ باشقۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چېچېنىيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردە يول ياساپ، قورغان قۇرۇپ، كازاكلار ھەربىي لاگېرى بەرپا قىلغان. شۇنداق قىلىپ، چېچېنىيىنى مەڭگۈ كونترول قىلماقچى بولغان، ئەمما ئەزەلدىن ئۇرۇشقا ماھىر، قەيسەر كەلگەن چېچېنلەر چار روسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماي، ئۈزلۈكسىز ھالدا قوزغىلىپ قارشى چىقىپ كەلگەن ھەمدە شۇ رايوندىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە چار روسىيە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش دولقۇنىنى قوزغىغان.

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چار روسىيە ھۆكۈمىتى تاشقى كاۋكاز يولىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىمالىي كاۋكاز رايونىغا بولغان قوراللىق ئىستىلانى كۈچەيتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا چېچېنلەرنىڭ چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. 1817 - يىلدىن باشلاپ، چېچېنلەر مىللىي قەھرىمان شامىلنىڭ باشچىلىقىدا كاۋكاز رايونىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، چار روسىيىگە قارشى يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان «كاۋكاز ئۇرۇشى» نى ئېلىپ بارغان. ئاخىرىدا، دۈشمەن كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشى 1859 - يىلى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنىڭدىن ئىبارەن، چېچېنىيە بۈيۈك رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، چوڭ رۇس شوۋىنىزمىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ كەلگەن.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چېچېنىيە زېمىنىغا يەنە بالايىئاپەت ياغقان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، چېچېنلەر گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكارلاشتى دېگەن باھانە بىلەن، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاقاس رايونلىرىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋەتكەن. ئۇ يەردە چېچېنلەر سۈرگۈنلەر قاتارىدا جازا لاگېرى تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپلا قالماي، بەلكى سوۋېت گراژدانلىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلاردىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان. گەرچە 1957 - يىلى چېچېنلەر سىياسىي جەھەتتە ئاقلىنىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ تارىخ چېچېنلەرنىڭ قەلبىدە ساقايماس جاراھەت قالدۇرغان.

1991 - يىلى چېچېنىيە كرىزىسى پارتلىغاندىن بۇيان، چېچېنىيە زېمىنىدا ئۇرۇش ئوتى يەنە لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

### ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

چېچېنلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشقا تەبىئەتكە چوقۇنۇش ۋە باتۇرلارغا چوقۇنۇشنىڭ قالدۇق ئەنئەنىۋى ئىدىيىلىرىنىمۇ ساقلاپ كەلمەكتە.

چېچېنلەر جەمئىيىتىدە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يەنىلا رايون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى، ئاتا مىراس ئۇرۇقداشلار تەشكىلاتى ۋە كىچىكرەك دائىرىدىكى قانداش جەمەتلەر ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنىپ كەلدى.

چېچېنلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر، ئۇلارنىڭ ئايرىم تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئاشكارا كەنت جەمئىيىتى ئەزالىرى يىغىنىنى قەرەللىك چاقىرىپ تۇراتتى. يىغىندا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ھەل قىلىناتتى ۋە ياشلارنىڭ كۈچىنى، چەبدەسلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئىبادەت قىلىش مۇراسىملىرى ۋە تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرلەردىن تەركىب تاپقان ئاقساقاللار ھەيئىتى رەھبەرلىك قىلاتتى. ئاقساقاللار ھەيئىتى، قارار چىقىرىش ۋاقتىدا، ئادەت

قانۇننى ئاساس قىلاتتى؛ چېچېنلەر، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مىزان قىلىدىغان بولغان.

## مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى

چېچېنلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇسۇلمانلارغا خاس ئاساسلىق ئۆرپ - ئادەتلەردىن باشقا يەنە ئاداۋەت تۇتۇش ئادىتى (قانداشلارنىڭ قىساس ئېلىشى خاراكتېرىدىكى ئادەتلەر)، شۇنىڭدەك باشقا بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر بار.

## ئائىلىۋى تۇرمۇشى

چېچېنلەرنىڭ كۈندىلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا قەدىمكى ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى دەۋرىنىڭ تۇرمۇش مىزانلىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئائىلە باشلىقلىرى ياشانغان ئەرلەر بولىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەقسىماتقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئائىلىگە ۋەكالىتەن كەنت جەمئىيىتى ئەزالىرى يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئائىلە ئىشلىرىدا ئەر - ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتتىق ئايرىلغان بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. توي قىلىش ۋاقتىدا قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە تويلۇق تاپشۇرىدۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، خوتۇن ئۆزى ئېرىشكەن سوۋغىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. قىز تۇغۇش ئائىلە ئۈچۈن بەختسىزلىك دەپ قارىلىدۇ؛ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن ئائىلە شۇ ۋاقىتتىلا قولۇم - قوشنىلارنى ۋە تۇغقانلارنى چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ.

سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئادەتلەر بارا - بارا تۈگەپ، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ياخشىلانغانىدى.

## بايراملىرى

چېچېنلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بايرىمىنىڭ كۆپ بولۇشى شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چېچېنلەر ئەتىيازدا كۈن - تۈن تەڭلەشكەن كۈننى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان تۇنجى بايرام كۈنى دەپ ھېسابلايدۇ، شۇ كۈن يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ھويلا - ئاراملارنى تازىلايدۇ، ئۆيلەرنى ئاقارتىدۇ، تۇرمۇش سەرەمجانلىرىنى پاكىز سۈرتىدۇ. بايرام كۈنى ھەممە كىشى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، پاكىز كىيىنىپ، دالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە بارىدۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەرگە قوش سېلىنغانلىقىنى تەنتەنىلىك تەبرىكلەيدۇ، قوش بۇ باشتىن ئۇ باشقا چىققاندا، ناخشا- ئۇسسۇل بىلەن باشلىنىدىغان ئۇرۇق سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار «خەيرلىك كۈن» بىلەن «يامان كۈن» نى قاتتىق ئايرىيدۇ، «يامان كۈن» دە تېرىقچىلىقنى باشلاشقا ۋە باشقا مۇھىم ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلىپ، چارۋىلار ئوتلاققا ھەيدىلىدىغان چاغدا، بۆركۈت بايرىمى تەبرىكلىنىدۇ. چېچېنلەر بۇرۇن بۆركۈتنى ئىلاھى قۇش دەپ قارىغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئاستا - ئاستا ئاياللار ئىلاھىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدىغان بولغان. شۇڭا بۇ بايرام يېتىپ كەلگەن كۈندە ئۇلار نان ياقىدۇ، ھەر خىل ياخشى يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ، ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ قوي سويىدۇ، ئاندىن قەدىمكى ئىبادەتخانىغا، مۇقەددەس جايلارغا ۋە تېۋىنىدىغان باشقا جايلارغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ، دېھقانچىلىقنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى، چاھار پايلىرىنىڭ ئاۋۇشىنى، ئائىلىسىنىڭ ئەمىن بولۇشىنى تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىدۇ.

5 - ئايدا، ئەتىيازلىق قاتىلاڭچىلىق ئاخىرلىشىدۇ، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ئاساسەن تەبىئەتنىڭ ھىممىتىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئاب - ھاۋانىڭ ئوبدان بولۇپ بېرىشىنى تىلەپ چاقماق ئىلاھىغا سېغىنىدۇ.

## كىيىم - كېچەكلىرى

چېچېنلەرنىڭ ئەرلىرى ئادەتتە شاراۋار شىم، تار

چاپان، ئوقدانلىق تون، خۇرۇم ئۆتۈك كىيدۇ، بېشىغا پاپاق كىيىدۇ، كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى كىيگەن پاپىقىنىڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى تاغلىق رايونلاردىكىلەر ئوتتۇرا ھال ئېگىزلىكتىكى پاپاق كىيىدۇ، ئېسىلزادىلەر ۋە بايلارنىڭ بەزىلىرى ئېگىزرەك پاپاق كىيىدۇ. دىنىي نامغا ياكى دىنىي ۋەزىپىگە ئىگە بولغان كىشىلەر تۆۋەن گىرۋىكىگە زەر تۇتۇلغان پاپاق كىيىدۇ. ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەر گۈل چىقىرىلىپ كەشتىلەنگەن يېشىل تاشلىق پاپاق كىيىدۇ.

ئاياللىرى ئادەتتە روباشكا ئۇستىگە يېڭى كەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك، شاراۋار شىم كىيىدۇ، بېشىغا رەڭگارەڭ چاسا ياغلىق ئارتىدۇ. قىز ـ چوكانلار پويىزلىق كۆڭلەك كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللار پويىزسى يوق كەڭرەك كۆڭلەك كىيىدۇ. مېھماندارچىلىققا بارغاندا ئومۇمەن ئاق ياكى باشقا رەڭلىك تاۋار كۆڭلەك كىيىدۇ.

كاۋكاز رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىملىرى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانراق بولغاچقا، ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەكلىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشتە، ئاساسەن، كىيىمنىڭ رەڭگىگە ۋە ئايرىم زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا چېچىنلەرنىڭ ئەرلىرى تارئاق يەكتەك ۋە ئوقدانلىق تون كىيىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئاياللىرى بولسا قىزىل ياكى كۆك رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ھازىر چېچىن ئەرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، پەقەت پاپاق ۋە كاۋكازچە كۆڭلەك كىيىپ يۈرىدىغان ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. چېچىنلەرنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق، ياشانغان ئاياللىرى ئىنچىل رەۋىشتە كونا پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدۇ، پۇتىنى، قولىنى ئوچۇق قويۇش ۋە يالاڭباش يۈرۈش ھازىرمۇ ئەيىبلىنىدىغان قىلىق دەپ قارىلىدۇ. ياش ئاياللار بولۇپمۇ قىزلار ئەركىنرەك يۈرىدۇ، ياغلىق چىگمەي سىرتقا چىقىۋېرىدۇ، ئۆزىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ماڭلىيىغا لېنتا چېگىۋالىدۇ.

(زايىت رەھىم تەرجىمە قىلدى)

## يېڭىدىن بايقالغان ئادەم خىللىرى (1)

**تۆگەقۇش ئادەملەر.** بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئافرىقا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئىككى پەنجىلىك كەلگەن مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى بەزىلەر بايقىغان. ئۇلار نورمال ئادەملەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن، شۇ يەرلىك نورمال ئادەملەرمۇ ئۇلار بىلەن دوستانە ئۆتىدىكەن. ئۇلارنىڭ پۇتىنىڭ ئالدىنقى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىن بۆلۈنۈپ كەلگەن بولۇپ، 75° ئەتراپىدا ئارا بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن پۇتىدا ئىككى پەنجە شەكىللەنگەن، پۇتىنىڭ پەنجىسىنىڭ ئۇچىدا تىرنىقى بولۇپ، ئىچى تەرەپكە ھىمىرىلگەن ھالەتتە تۇرىدىكەن ھەمدە بىر ـ بىرىگە قارمۇ ـ قارشى بولغان ئامبۇرسىمان ھالەتتە كۆرۈنىدىكەن، تۆگەقۇش ئادەملەرنىڭ قولىمۇ كۆپىنچە ئۆزگەرگەن ھالەتتە بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پەنجىسىدىكى پەردىسى ئۆردەكنىڭ ئالقىنىدىكى پەردىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، بەزىلىرىنىڭ ئالتە ياكى يەتتە بارمىقى بار ئىكەن.

**قىزغۇچ قوڭغۇر تەنلىكلەر.** 1992 ـ يىل 9 ـ ئايدا ھىندونېزىيىنىڭ بىر ئىجتىمائىي خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەلۇم ئورمانلىقتا يەرلىك كىشىلەرنىڭ تىلىدا «گېۋۋۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىپتىدائىي قەبىلە بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. گېۋۋۇلارنىڭ تېرىسى قىزغۇچ قوڭغۇر، چاچلىرى بۇدۇر كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى قۇشلار تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئۇلار بەدىنىگە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تاللىرى بىلەن توقۇۋالغان بىر پارچە رەختنى ئارتىۋېلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئوزۇقلىرى ئاساسلىقى پاپوروتنىك تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى قوشۇمچە قىلىدىكەن.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

# شياڭگاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى

شياڭگاڭ خەلقئارالىق چوڭ شەھەر بولۇپ، دېڭىز بويىغا جايلاشقان، دېڭىز قاتنىشى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ۋە ئىنتايىن قولايلىق. شياڭگاڭدا جۇڭگولۇق ۋە ئەنگلىيىلىك ئاھالىلەردىن باشقا يەنە فىلىپپىن، پورتۇگالىيە، ئامېرىكا، كانادا، ھىندىستان، تايلاند، ياپونىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاھالىلەرمۇ بار. شياڭگاڭ ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەۋزەل شارائىتلىرى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئاھالىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئاھالىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى بۇ جايغا ئېلىپ كېلىپ، شۇ ئارقىلىق شياڭگاڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىۋاتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شياڭگاڭ ھازىر دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ دىنلىق شۇنداقلا ھېيت-بايراملىرى ئەڭ كۆپ بولغان شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

جۇڭگو قانداشلىقىدىكى شياڭگاڭ ئاھالىلىرى ئىچىدە ئەسلى يۇرتى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇجياڭ دېلتىسىدىن بولغانلار ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا تۆت شەھەر (تەيشەن، شىنخۇي، كەيپىڭ، ئېنپىڭ قاتارلىق ناھىيىلەر) كىشىلىرى، ئۇنىڭدىنمۇ قالسا چاۋشەن كىشىلىرى بولۇپ، قالغانلىرى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقا شەھەر - ناھىيىلىرىدىن ۋە جۇڭگونىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن كىشىلەردۇر. ئادەتتە قوللىنىلىدىغان تىلى جەھەتتە، گۇاڭدۇڭ شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلار 88.7 پىرسەنتنى، چاۋشەن شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلار 1.4 پىرسەنتنى، كېجيالار شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلار 1.6 پىرسەنتنى، فۇجيەن شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلار 1.9 پىرسەنتنى، ئورتاق تىلدا سۆزلىشىدىغانلار 1.1 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

جۇڭگو قانداشلىقىدىكى شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلاردۇر. خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار. ئۇلار ئومۇمەن يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

شياڭگاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى، داۋجياۋ دىنى، ئىسلام دىنى، رۇجياۋ دىنى قاتارلىق دىنلار بار. ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن ستاتىستىكا قىلغىلى بولىدىغانلىرى 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇقراق بولۇپ، شياڭگاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملارغا، ھەرقايسى كەسىپلەرگە تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېرىلارمۇ، ياشلارمۇ، ئىشچىلارمۇ، دېھقانلارمۇ، زىيالىيلارمۇ بار.

خۇيزۇلار شياڭگاڭدىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، 40 مىڭچە ئاھالىسى بار، شياڭگاڭدا ئۇلارنىڭ ئۈچ يەردە مەسچىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە شياڭگاڭ



داۋشىلى كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى سېلىنغان. ئۇ شياڭگاڭدىكى تۇنجى مەسچىتتۇر. گاڭداۋدىكى مەسچىت يەنى ئەيچۇن مەسچىتى ھەم لىن شىدې مۇسۇلمانلار مەركىزى 1981-يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مىدۇن يولىدىكى ئاۋات جايغا جايلاشقان جيۇلۇڭ مەسچىتى يەنى مۇسۇلمانلار مەركىزى 1984-يىلى 5-ئايدا پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇ مەسچىتنىڭ ئىچى-تېشىدىكى تاملار پۈتۈنلەي دولومىت تاشلىرى بىلەن ياسالغان، ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، جيەنشازۇي رايونىدىكى ئالاھىدە ۋە يېڭىچە قۇرۇلۇشلاردىن بىرىدۇر، ئۇنىڭغا 2000 ئادەم سىغىدۇ.

شياڭگاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىدىن جۇڭگولۇقلار قاتناشقان شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھرىبانلىق جەمئىيىتى، شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى ئاياللار جەمئىيىتى بار. بۇنىڭدىن سىرت شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمە جەمئىيىتى، شياڭگاڭ ئىسلام ياشلار جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارمۇ بار. چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە قىلىش فوندى باش ئۇيۇشمىسىمۇ بار. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قارمىقىدا يەنە بىر كومىتېت بولۇپ، ھەرقايسى ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرى ئەۋەتكەن ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار مەسچىتلەرنى ۋە قەبرىستانلىقلارنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئىسلام دىنىي تەبرىك مۇراسىملىرى ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

شياڭگاڭدا بۇددا دىنىي مۇرتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. دۇنمېندىكى چىڭشەن بۇتخانىسى ۋە يۈەنلاڭشا كەنتىدىكى لىڭدۇ ئىبادەتخانىسى شياڭگاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىككى ئىبادەتخانىدۇر. يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە قۇرۇلغان بۇتخانا، ئىبادەتخانىلاردىن دايۇشەندىكى باۋلىيەن ئىبادەتخانىسى، گۇەنيىن ئىبادەتخانىسى، گاڭداۋدىكى دۇڭلىيەنجۆ ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باۋلىيەن ئىبادەتخانىسى كۈن چىققاندىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرگىلى بولۇش بىلەن داڭلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سېلىنغان كۆركەم، ھەيۋەتلىك داشيۇڭ سارىيى پۈتۈنلەي جۇڭگودىكى خان سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا نەچچە مىليون يۈەن سەرپ قىلىنغان، شياڭگاڭنىڭ بۇددا دىنىدىكى مەنزىرىلىك جاي دېگەن نامى بار.

شياڭگاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەر ھەتتا ھەر قايسى ئىرقتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى، مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ، شۇڭا شياڭگاڭنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، توي-دەپنە قائىدە-يوسۇنلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

شياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ھەر يىلى ئۆتكۈزىدىغان بايراملىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۆزگىچە كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. قەمەرىيە كالېندارىدىكى يېڭى يىل ئەڭ داغدۇغىلىق، ئاھالىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان بايرام بولۇپ، دەم ئېلىش ۋاقتى ئۇزۇن، كەيپىياتى جۇشقۇن، ھارپا كېچىلىك تاماقنى يېيىش، كېچىچە سەيلە قىلىش، گۈل بازارلىرىنى كۆرۈشتىن تارتىپ، 1-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە شياڭگاڭدىكى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى دەم ئېلىپ يېڭى يىلنى قارشى ئېلىپ كونا يىلنى ئۇزىتىدۇ، ئۆزئارا سوۋغا-سالام تەقدىم قىلىشىدۇ، تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، دوستلىرىنى زىيارەت قىلىپ قانغىچە ئوينايدۇ. ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىرى ئاتا-بوۋىلىرىغا

ئاتاپ نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈپ، قەبرە سۈپۈرىدۇ. باش يازدا تاڭزۇڭزا چاغىنى ئۆتكۈزىدۇ. جۇڭگوچە بايراملار ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، باشقىچە ئـالاھىـدىلىككە ئىگە بولغان غەربچە بايرام — روژدېستۇو بـايرىمى كۈتۈۋېلىنىدۇ. بۇ كاتولىك دىـنـىـغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ تەنتەنىلىك بايرىمى بولۇپ، ھەرقايسى سودا رايونلىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان چىراغلار بىلەن بېزىلىپ، دەرەخلەرگە كۈمۈش رەڭلىك گۈللەر ئېسىلىدۇ.

شيـاڭگـاڭنىـڭ تارىختا مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ئەنئەنىسى بار بولۇپ، شىنجيې كـوچـىـسـىـدىـلا دېـڭ جەمەتى، پېڭ جەمەتى، خوجەمەتى، ۋېن جەمەتى ۋە ميۇجەمەتىدىن ئىبارەت بـەش چـوڭ ئـۇرۇقداشلىق جەمەتى بار. ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىپ، جاپاغا چىداپ تىجارەت قىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ ئىـجتـىـمـائـىي ئـىـقتـىـسـادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.

شيـاڭگـاڭدىـكـى ئاز سانلىق مىللەتلەر شۇ جـايدىـكـى جـەمئـىـيەتكە ئارىلىشىش ئاساسىدا ئـۆزلـىـرىـمۇ تـەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن بىر تۈركۈم ئەربابلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان يۈن داجىن ئـەپـەندى شيـاڭگـاڭ سـانـائـەت شۆيۇەنىنى پۈتتـۈرگەن بولۇپ، ھازىر شياڭگاڭ ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ياڭخاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ باشلىقى، داميـەن كارخانا چەكلىك شىركىتىنىڭ باشلىقى، 8ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

مـانـا بـۇلاردىـن شياڭگاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى رىۋاق تاپقۇزۇشتەك ئېسىل روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(گۈلنار جۇمەتاي تەييارلىغان)

## 1997 ـ يىلى شياڭگـاڭدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر

7 199 ـ يىـل 7 ـ ئـاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن شيـاڭگـاڭدا زادى قـانداق ئـۆزگـىرىش بولىدۇ؟ ھازىرغىچە ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە ئەنگلىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ ئورنىغا بەش يۇلتۇزلۇق قـىـزىـل بـايراق ۋە شيـاڭگـاڭ ئـالاھىدە رايونى بايرىقى چىقىرىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

شياڭگاڭنىڭ دىپلوماتىيە، مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەركىزىي خـەلق ھـۆكـۈمـىتى مەسئۇل بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭغا قارىتا ئاساسلىق ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىـي شياڭگاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئازادلىق ئارمىيە شياڭگاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۈچ خىل ئارمىيىنىڭ باش شتـابـى شيـاڭگـاڭ شـەھـەر رايونىدا تەسىس قىلىنىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەسكىرى 1997 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن بۇرۇن چىقىپ كېتىپ بولىدۇ.

1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شياڭگاڭ خەلقى ئەنگلىيە پۇقراسى بولمايدۇ. شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىغا مەركىزىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي باشلىق تەيىنلەپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە رەسمىي رەھبەرلىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. مەملىكەت خاراكتېرلىك قـانۇنلار، مەسىلەن: جۇمھۇرىيەت پايتەختى، يىل ھېسابى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت بايرىمى شۇنىڭدەك دۆلەت پۇقرالىرى قانۇنى، دېڭىز تەۋەلىكى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بۇيرۇقلار شياڭگاڭدا يولغا قويۇلىدۇ. بەزى كوچا ناملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى مـۇمكىـن، قـانۇندا بەلگىلەنگەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1ـ كـۈنـى ئېـھتـىـمـال شەھەر خەلقى خىزمەتكە بارماسلىقى مۇمكىن.

(خەمىت نېغمەت تەييارلىغان)

# ئامېرىكا ــ «مىللەتلەر پېچى»

## دېگەن سۆزنىڭ سىرى

● چېن لياڭمېي ●

ئامېرىكا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يەر مەيدانى 9 مىليون 363 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ بىپايان زېمىندا ئىندىئانلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك ئاھالىلەردىن باشقا 100 دىن ئارتۇق مىللەتنىڭ ھەممىسى كولۇمبو «يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق» قا كەلگەندىن كېيىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەردۇر. دۇنيادا مىللەت تەركىبى ئەڭ كۆپ ھېسابلىنىدىغان كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلەتتە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئامېرىكىنىڭ كۆپ مىللەتلىك جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان.

ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ئىرق، دىن، تىل، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن قارىغاندىمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەشكەن. ئىرقىي جەھەتتە ئۇنىڭدا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرق (كاپكاز ئىرقىي، موڭغۇل ئىرقىي، نېگىر ئىرقىي) نىڭ ھەممىسى بار، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ بىر قانچە چوڭ ئىرقنىڭ شالغۇتلىرىمۇ بار. كۆچمەنلەر دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەچكە، دىنىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن (خرىستىئان، بۇددا، ئىسلام) نىڭ مۇرتلىرىدىن سىرت، باشقا دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ مۇرتلىرىمۇ بار. تىل جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا دۇنيادىكى ئىككى چوڭ تىل سىستېمىسى (ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئۇرال تىل سىستېمىسى) ۋە بىرقانچە چوڭ يەرلىك تىل سىستېمىسىنى قوللىنىدىغان ئاھالىمۇ بار.

**(1) ئامېرىكىدىكى ئاساسىي گەۋدە گۇرۇھلىرى ۋە ئۇنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتى**

ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق گەۋدە گۇرۇھ ئىنگلىزلار، شوتلاندىيىلىكلەر ۋە ئىرلاندلار ۋەكىللىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### ئىنگلىزلار

كولۇمبو ئامېرىكا قىتئەسىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەنگلىيە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە باشلامچىلىق بىلەن مۇستەملىكە قۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ نۇرغۇن ئىنگلىزلار ئىندىئانلارنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىغا بېسىپ كىرىپ ئامېرىكىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كۆچمەنلەر گۇرۇھىنى ھاسىل قىلغان. ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىشىنى بىر مەھەل تىزگىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما 1815 ـ يىلىغا كەلگەندە زور تۈركۈمدىكى ئىنگلىزلار ئامېرىكىغا كۆچۈشكە باشلىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغانلارنىڭ تولىسى يېزا ئىگىلىكىدىكى كاساتچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىدى: كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى خوجايىنلىرى ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلار ئازىيىپ، قارا



ئىشچىلار كۆپەيگەن. ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىنگلىز كۆچمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكا شەھەرلىرى ۋە سانائەت رايونلىرىغا تارقالغان. 1980 - يىلىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ئەنگلىيىلىك قان سىستېمىسىدىن بولغان ئاھالىنىڭ 40% كە يېقىنى ماسساچۇسېتس، كالىفورنىيە، نيۇ - يورك قاتارلىق شتاتلارنىڭ يۈكسەك شەھەرلەشكەن رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلاردا تىل توسالغۇسى بولمىغانلىقتىن ۋە مەدەنىيىتى ئامېرىكىلىقلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئامېرىكا تۇرمۇشىغا ماسلاشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچە ئەنئەنىسىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشقا ھاجەتسىز، ئايرىم چېركاۋلىرىمۇ يوق. 1985 - يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكانلارغا قوشۇلۇپ كەتمەي ئەسلى مىللىي ئېڭىنى ساقلاپ قالغان ئىنگلىزلارنىڭ سانى تەخمىنەن 650 مىڭ ئەتراپىدا بولغان. ھازىر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىنگلىزلارنىڭ ئىزناسى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىنگلىزلار مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇنلا ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە يەنىلا ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە مەدەنىيىتى بولۇپ تۇرماقتا.

## ئىرلاندلار

ئىرلاندلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىدىكى ئاساسىي كۆچمەنلەر گۇرۇھىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ دىنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن. مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى كۆچمەنلەر ئاساسەن ھۈنەرۋەنلەر، ھۆپىگەرلەر ۋە كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى قاتارلىقلار بولغان.

ئىرلاندىيىدىن كېيىنكى مەزگىلدە ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرىراق ئىدى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىغا كەلگەنلەر قارا ئىشچىلار بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ 97 پىرسەنتى ئىنگلىزچىنى ئوقۇيالايتتى ۋە يازالايتتى. ئۇلار مائارىپقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەچكە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىنگلىزچىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەم ياخشى تەربىيىلەنگەن، شۇڭا ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە دەسلەپكى مەزگىلدىكى جىسمانىي ئەمگەك قىلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتكەن.

ئىرلاندلار ئامېرىكىنىڭ دىنىي، سىياسىي ۋە سودا ساھەلىرىدە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ئىرلاندىيە مۇزىكىسى ۋە تىياتىرىمۇ ئىرلاندىيىلىك كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە قوشقان بىر ئۈلۈش تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

## شوتلاندىيىلىكلەر

شوتلاندىيىلىكلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارمۇ ئامېرىكىدىكى ئاساسىي كۆچمەنلەر گۇرۇھىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شوتلاندىيىلىكلەرنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەنلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكىغا كەلگەنلىرى ئاز. ئامېرىكىغا كەلگەنلىرىنىڭ كۆپى يېڭى ئىنگلاند شتاتى، شۇنداقلا ئوتتۇرا قىسىم ۋە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى شتاتلارغا مەركەزلەشكەن، ئوتتۇرا-غەربىي قىسىم ۋە تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا تارقالغانلىرىمۇ بار. مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى خېلى يۇقىرى. شوتلاندىيىلىكلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى خېلى روشەن، ئۇلار ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزگىچە جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىققان. ئالايلى، ئۇلار گائېل تىلىدا سۆزلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقاللار جەمئىيىتى چېركاۋنى قۇرغان، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا گېزىتى بار، ئۇلار كەشىپ قىلغان گولف توپ ھەرىكىتى دۇنياۋى ھەرىكەتكە ئايلاندى.

## نېمىسلار

نېمىسلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارمۇ ئامېرىكىدىكى كۆچمەنلەر گۇرۇھىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار 1820 - يىلىدىن بۇيان ئامېرىكىغا كۆچۈشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ كۆپى بۇ يەرگە دىنىي ئەركىنلىك ئىزدەپ كەلگەن، ئاز قىسمى ئىقتىسادىي سەۋەبتىن ياكى نوقۇل تەۋەككۈلچىلىك يۈزىسىدىن كەلگەن. گېرمانىيىدىن 1980- يىلىغىچە بۇ يەرگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەلگەنلەر 7 مىليونغا يەتكەن.

نېمىسلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى يېزا ۋە شەھەر مەدەنىيىتى دەپ

ئىككىگە بۆلۈندۇ. نېمىسلار ـ ئەۋلادىدىن بولغان دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى قامدايدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇتەئەسسىپرەك، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تەقۋادار كېلىدۇ. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا نېمىسلار مەھەللىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ چېركاۋ ۋە مەكتەپلىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا نېمىس مەدەنىيىتى ۋە تىلىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۇزاقراق، 4 ـ ۋە 5 ـ ئەۋلادلىرىمۇ نېمىسچە سۆزلىشەلەيدۇ. ۋەھالەنكى شەھەرلەردىكى نېمىسلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار تەرەققىيپەرۋەررەك بولۇپ، تاشقى مەدەنىيەتنى ئاز ـ تولا قوبۇل قىلالايدۇ. نېمىسچە گېزىت ـ ژۇرناللار كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىۋاتىدۇ، بۇنداق گېزىت ـ ژۇرناللاردىن 1920 ـ يىلى 201 خىلى بولغان بولسا، 1976 ـ يىلى 24 خىللا قالغان.

## ئاۋسترىيىلىكلەر

ئامېرىكىدىكى ئاۋسترىيىلىك كۆچمەنلەر دېگەندە ئاۋسترو ـ ۋېنگىر ئىمپېرىيىسى ۋە ھازىرقى ئاۋسترىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىتى، دىنى ۋە تىلى مۇرەككەپرەك كېلىدۇ. ئامېرىكىغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن ئاۋسترىيىلىك كۆچمەنلەر ئامېرىكىغا دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەلگەن. تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغانلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىغا كەلگەن سىياسىي كۆچمەنلەر ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ئاۋسترىيىدىكى رادىكال ئىسلاھاتچىلا بولۇپ، ياخشى تەربىيە ئالغان، ئامېرىكىغا سىياسىي پاناھلىق تىلەپ كەلگەن. سانى كۆپ بولمىسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ سىياسەت، ئاخبارات، مۇزىكا ۋە تىببىي ساھەلىرىدە ئۇلارنىڭ ئاز بولمىغان يالدامىسى بار. بۇلاردىن باشقا بىر تۈركۈم نامرات دېھقانلار ۋە ئىشسىز ئىشچىلارمۇ ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئامېرىكىدا سانائەت تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى سانائەت شەھەرلىرىگە يۆتكەلگەن. ئاۋسترىيىلىك بۇ نامرات كۆچمەنلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ئالىي مائارىپتا تەربىيىلەنگەن ۋە ئارتۇقچىلىقى بار بىلىملىك ئەربابلارنىلا قوبۇل قىلىدىغان بولغان. ئاۋسترىيىلىكلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىدا ئاساسەن تىككۈچىلىك، كانچىلىق، بولكىچىلىق، قاسساپلىق، يېمەكلىك ئوراش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دوختۇر، دىرېكتور بولغانلىرىمۇ بار. ئېتىقاد جەھەتتە، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى رىم كاتولىك دىنى ۋە يەھۇدى دىنى مۇرتلىرى بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرىلا پروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كۆپ قىسمى شەھەرلەردە، تۆتتىن بىر قىسمى نيۇ ـ يوركتا، قالغانلىرى چىكاگو ۋە لوس ـ ئانژېلىستا ئولتۇراقلاشقان. ئاۋسترىيىلىكلەر مۇزىكىغا ناھايىتى ھېرىسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ۋېنا مۇزىكىسىنى ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن.

ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدە گۇرۇھىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا يەنە يەھۇدىيلار ۋە پورتۇگاللار، ئىسپانلار، دانىيىلىكلەر، نورۋېگىيىلىكلەر، شۋېتسىيىلىكلەر، گوللاندىيىلىكلەر، فىنلاندىيىلىكلەر، بېلگىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بىر قانچە ئون ئۆزگىچە مىللەت توپىمۇ بار، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە ئىگە جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

### (2) رەڭلىك ئىرق گۇرۇھى

ئامېرىكىدىكى مىللەتلەر قۇرۇلمىسىدا نېگىرلار ۋە جۇڭگولۇقلار ۋەكىللىكىدىكى رەڭلىك ئىرقتىكىلەر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىرقىي كەمسىتىش بۇ خىل ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاچقۇچلۇق ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىدىكى رەڭلىك ئىرق گۇرۇھى نېگىرلار (ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار)، ئىندىئانلار، مېكسىكىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار، ئاسىيالىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار (كورىيىلىكلەر، فىلىپپىنلىقلار، ساموئانلار)، جۇڭگولۇقلار، ياپونىيىلىكلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ۋە پورتورىكانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**نېگىرلار (ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ نوپۇسى 29 مىليون، 1990 ـ يىلىدىكى سان)**

نېگىرلار ئامېرىكىدىكى بىردىنبىر «مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنلەر گۇرۇھى» ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىغا

دەسلـەپتە كەلگەن نېگىرلارنى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى غەربىي ئافرىقىدىن قۇل سۈپىتىدە ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ساتقان. ئامېرىكىدىكى قانۇنلۇق قۇل سودىسىغا 1808 ـ يىلىدىكى ئىچكى ئۇرۇش هارپىسىدا خاتىمە بېرىلگەن. بۇ قۇللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئىشلىتىشى، ئەسلىدىكى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى مەنئى قىلىنىپ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلانغان. ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن، نېگىرلار جەنۇبتا قۇرغان چېركاۋلار تەدرىجىي يوسۇندا ئاساسىي مەدەنىيەت ئاپپاراتىغا ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تەرەققىياتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. مۇزىكا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە نېگىرلارنىڭ قابىلىيىتى تولۇق ئىپادىلەنمەكتە ۋە زورايماقتا. نېگىرلارنىڭ نوپۇسى يېـقـىنقـى يىللاردىن بۇيان ناهايىتى تېز كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا 29 مىليونغا يېتىپ، ئامېرىكا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر گۇرۇھى بولۇپ قالدى.

نېگىرلار باراۋەر ئاساستىكى پۇقرالىق هوقۇقىدىن ئۇزاق مۇددەت مەھرۇم قىلىنغان. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، ئوتتۇرا هال ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى ئوخشاش دەرىجىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ 64 پىرسەنتىگە تەڭ بولۇپ كەلدى. ئاق تەنلىكلەر ئائىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 10 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ، ۋەھالەنكى ئاران 24 پىرسەنت نېگىرلار ئائىلىسىنىڭ كىرىمى بۇ سەۋىيىگە يېتىدۇ، ئۈچتىن بىر قىسمى نامرات شارائىتتا ياشاۋاتىدۇ. نېگىرلار تەربىيىلىنىش جەھەتتىمۇ كەمسىتىلگەچكە، ئاران 40 پىرسەنتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتەلەيدۇ. نېگىرلار ئامېرىكىدىكى 11پىرسەنت ئەمگەك كۈچىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، بىراق يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتقىنى ئاران بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نېگىرلارنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمى تۆۋەن مائاشلىق خىزمەت قىلىدۇ ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەيدۇ.

## مېكسىكىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار

مېكسىكىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار «چىكانولار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئامېرىكىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر گۇرۇھى هېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتى ئامېرىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى بەش شتات ـــ كالىفورنىيە، تېكساس، يېڭى مېكسىكا، ئارىزونا ۋە كولورادو شتاتلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، هازىر ئامېرىكىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. چىكانولارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسپان تىلىنى قوللىنىدىغان ئاھالىلەر ئولتۇراشقان رايونلارغا مەركەزلەشكەن. مېكسىكىلىقلار 1848 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئامېرىكىغا كۆچۈشكە باشلىغان.

مېكسىكىلىقلار مائارىپ، كىرىم، كەسىپ ۋە ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق جەھەتلەردە كەمسىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا چىكانولار ھەرىكىتى قانات يېيىپ، ئۇلار ھەر خىل شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى چىققان، تېخىمۇ كۆپ تەربىيىلىنىش پۇرسىتى (قوش تىل بويىچە ئوقۇ- ئوقۇتۇشنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلغان، مېكسىكىلىقلار ئامېرىكىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قۇردى. ئۇلارنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرىمۇ خېلى جانلاندى. قىسمەنلىرى ئىنگلىز تىلىنى ئاساسىي تىل قىلىۋالغان بولسىمۇ، تۆتتىن ئۈچ قىسمى يەنىلا ئىسپان تىلىنى قوللىنىدۇ. كۆچمەنلەرنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ۋە تۇغۇت نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۇلارنى نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئەڭ تېز مىللەتلەر گۇرۇھىغا ئايلاندۇردى.

## جۇڭگولۇقلار
## (1 مىليوندىن ئارتۇق، 1990ـ يىلدىكى سان)

جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ئاسىيالىقلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ گۇرۇھلارنىڭ بىرى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىغا كۆپلەپ كۆچۈشى 1848 ـ يىلى كالىفورنىيىدە كۆرۈلگەن «ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى» دىن كېيىن باشلانغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىغا كۆچۈشنى ئاساسەن تۆت مەزگىلگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

**1) 1848 - يىلدىن 1882 - يىلغىچە بولغان چەكلىمىسىز كۆچۈش مەزگىلى.** 1852 - يىلى 20 نەچچە مىڭ ئالتۇن كان ئىشچىسى ئامېرىكىغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ كۆپى سان - فرانسىسكوغا توپلانغان، ئۇنىڭدىن كېيىن جەمئىي 322 مىڭ جۇڭگولۇق ئامېرىكىغا كەلگەن، بىراق ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى جۇڭگوغا قايتىپ كەتكەن، 55 مىڭغا يېقىن كىشى ھاۋايىغا كۆچۈپ بارغان. دەسلەپكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆپى سودىگەرلەر ۋە سەنئەتكارلار بولۇپ، دېھقان ۋە ئىشلەمچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، بۇلار ئاساسەن گۇاڭدۇڭدىن كەلگەن. ھاۋايىغا بارغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شېكەر قومۇچ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مەلىكىلىك ئىشچىلار ئىدى. 19- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ئەڭ كۆپ بولغاندا 130 مىڭ كىشىگە يەتكەن بولۇپ، كۆپ قىسمى كالىفورنىيىدە ئولتۇراقلاشقان، كېيىن ئىككى تەرەپكە يۆتكەلگەن: شىمالغا ماڭغانلىرى غەربىي-شىمال رايونىنىڭ تىنچ ئوكيان قىرغىقى ۋە ئالياسكىغا بارغان؛ شەرققە ماڭغانلىرى غەربىي قىسمىنىڭ باشقا رايونلىرىغا، شەرقىي قىرغاقتىكى بوستون، نيۇ - يورك ۋە ۋاشىنگتون قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان. 1900 - يىلى نېۋادا ۋە ئالياسكا قاتارلىق جايلاردا قىممەت باھالىق مېتاللارنىڭ تېپىلىشى نۇرغۇن جۇڭگولۇقنى جەلپ قىلغان.

**2) 1882 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە بولغان جۇڭگولۇقلارنى يەكلەش مەزگىلى.** جۇڭگولۇقلار ئىختىيارىي كۆچۈپ كېلىش مەزگىلى 1882 - يىلى ئاياغلاشقان، ئامېرىكا دۆلەت كېڭىشى «جۇڭگولۇقلارنى يەكلەش قانۇن لايىھەسى» نى ماقۇللاپ، ئۇ يىلغىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى مەنئى قىلغان. جۇڭگولۇقلار ئىرقىي كەمسىتىش تۈپەيلىدىن ئالدى بىلەن چەتكە قېقىلغان مىللەت بولۇپ قالغان. ئامېرىكا بۇ قانۇننى 1943 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرغان. بۇ ئارىلىقتىكى 61 يىلدا سودىگەر، ئوقۇغۇچى، دىپلومات ۋە قىسقا ۋاقىتلىق زىيارەتچىلەردىن بولۇپ يىلىغا بىر نەچچە مىڭ كىشىلا ئامېرىكىغا كىرەلىگەن.

**3) 1943 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان ئالاھىدە قانۇن چىقىرىش شارائىتىدىلا چېگرىدىن كىرىش مەزگىلى.** بۇ مەزگىلدە ھەر يىلى ئاران 105 جۇڭگولۇقنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈلگەن، بۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى «كېلىنلەر» ۋە سىياسىي مۇساپىرلار ئىدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە 13 مىڭ جۇڭگولۇق ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1949- يىلدىن كېيىن 5000 دەك جۇڭگولۇق (كۆپى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار ۋە سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى) ئامېرىكىدا سىياسىي پاناھلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

**4) 1965 - يىلدىن كېيىنكى كۆچمەنلەر**

19 - ئەسىردە جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىدا ئاساسەن كانچىلىق، يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەرلەردىكى كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئىچكى قىسمىدىكىلەر ئۆز-ئارا ئىناقلىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، گۇرۇھنىڭ سىرتىدىكىلەر بىلەن توي قىلىدىغانلارنىڭ كۆپى ياشلار ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالىي مائارىپتا تەربىيىلىنىش نىسبىتى بارلىق كۆچمەنلەر گۇرۇھلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، تەخمىنەن 25 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ (ئامېرىكىدا مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سان %13). ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تېخنىكىلىق خىزمەت ۋە مۇلازىمەت خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىش ھەققى ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كۆپ سانلىق مىللەتلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرىنىڭكىدىن ئاز بولىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوتتۇراھال ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ تۆۋەنرەك. نامراتلىق نىسبىتى يۇقىرىراق بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ناچار.

**ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار**

ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ئاسىيالىقلار ئەۋلادىدىن بولغان كۆچمەنلەر گۇرۇھى ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۆچمەنلەر گۇرۇھى ھېسابلىنىدۇ.

ياپونىيىلىكلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى كالىفورنىيىگە مەركەزلەشكەن. 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى دەسلەپكى ئون يىلدا ئۇلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىگەن. شەھەرلەردە ياش كۆچمەنلەر يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەپ، ئاساسەن ئائىلە مۇلازىملىقى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىرى سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار دەڭ، سۇ ئۈزۈش مەيدانى، مۇنچا، ساتىراچخانا، ۋە ئاشخانا ئاچاتتى، كۆپ قىسمى سېئاتىل، سان - فرانسىسكو، ساكرامېنتو، فرېسنو، لوس - ئانژېلېس ۋە غەربىي رايونغا مەركەزلەشكەن. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك دۈشمەنلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، 70 - يىللاردا يەنە ئەڭ زور «مۇۋەپپەقىيەت» قازانغان مىللەت توپى دەپ قارالدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياخشى تەربىيىلەنگەن بولۇپ، كىرىمىمۇ بارلىق مىللەتلەر گۇرۇھلىرى ئىچىدە يۇقىرى. كەسپىي خادىملار كۆپرەك، ئولتۇراق ئۆي سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھال، ئۇلارنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمى كىرىمى تۆۋەنلەر

قاتلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، نامراتلىق نىسبىتى ئالتە پىرسەنتتىنلا ئېكىلەيدۇ.

**(3) «مىللەتلەر پېچى» نىڭ خىجالىتى**

ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر «ئامېرىكانلار» دېگەن ئىبارە دۆلەت تەۋەلىكى ئاتالغۇسىمۇ ياكى مىللەت نامىمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتىدۇ. «ئامېرىكانلار» مىللەت نامى دېگەن قاراشتىكىلەر ئۇنى ئامېرىكىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت، دەپ قارايدۇ. جىلىن ئەدەبىيات - تارىخ نەشرىياتى 1994 - يىل 1 - ئايدا نەشر قىلغان «دۇنيادىكى مىللەتلەر قامۇسى» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭغا: «ئامېرىكىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت، نوپۇسى تەخمىنەن 181 مىليون 500 مىڭ (1985 - يىلى) بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 75.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە 500 مىڭدىن ئارتۇقى كانادا ۋە مېكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئولتۇراقلاشقان. ھازىرقى ئامېرىكانلار 17 - ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىنگلىزلار، شوتلاندىيىلىكلەر ۋە ئىرلاندلارنى يادرو قىلىپ، ھەم ياۋروپادىن كەلگەن باشقا كۆچمەنلەر، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلار، ئافرىقىلىق نېگىرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئارىلىشىشى بىلەن 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. 1775 - يىلىدىن 1783 - يىلىغىچە داۋام قىلغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنى قۇرغان...» دەپ تەبىر بېرىلگەن. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر ئامېرىكا ئاھالىسى كۆپ خىل كۆچمەنلەر گۇرۇھىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار، چىكانولار ۋە ياپونلار قاتارلىق بۇ مىللەتلەر گۇرۇھلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان، بۇمۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا بۇ قاراشتىكى ئالىملار ئامېرىكا ئوخشىمىغان ئىرق ۋە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ توپلىنىشى بولۇپ، ھەرگىز بىر كىشى ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇلار يېڭى مىللەت — «ئامېرىكانلار»غا ئايلانغىنىمۇ ئەمەس. «ئامېرىكانلار» مىللەتشۇناسلىق ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى دۆلەت تەۋەلىكى ئاتالغۇسى، دۆلەت تەۋەلىكى ئۇقۇمىدۇر دەپ يەكۈن چىقاردى.

بىراق «ئامېرىكانلار» مەيلى بىر مىللەت بولسۇن، مەيلى دۆلەت تەۋەلىكى ئاتالغۇسى بولسۇن، ئۇنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن مىللەتلەر گۇرۇھلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقى شەك - شۈبھىسىز. ئامېرىكىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتى شەكىللىنىش جەريانىدا كۆچمەنلەر گۇرۇھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بىر - بىرىگە سىڭگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيىتى — ئانگلو — ساكسونلار مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەدرىجىي بىرىكتۈرۈپ، ئاخىرى ھازىرقى ئامېرىكىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن كۆچمەنلەر تەركىبىدە ئىنگلىزلار ئەۋلادىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئاق تەنلىك كۆچمەنلەر گۇرۇھى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ، نېگىرلار ۋە جۇڭگولۇقلار ۋەكىللىكىدىكى رەڭلىك ئىرقلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ بۇنداق تەسىرى ھازىرقى كۆچمەنلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، نېگىرلار ئامېرىكىدىكى ئىرقچىلىقنىڭ ئاساسىي قۇربانى، شۇڭا ئۇلار ئامېرىكىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ قالغان. نېگىرلار ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئاتالمىش «پېچ» تە ئامېرىكىنىڭ غول ئېقىن جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولالمىدى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت.

ھازىر ئامېرىكا جەمئىيىتىدە غەلىتە بىر ھادىسە پەيدا بولدى. بىر تەرەپتىن تۇتاشتۇرۇش تورىنى ئاساس قىلغان ئۇچۇر تېز سۈرئەتلىك تاشيولى يەرمەيدانى 9 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ دۆلەتنى ئىسمى جىسمىغا لايىق «كىچىك كەنت» كە ئايلاندۇردى، «كەنت ئاھالىسى» نىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى مىسلىسىز قولايلىق بولۇپ، ناھايىتى كۆپەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن «كەنت ئاھالىسى» كۈنسېرى ئېغىر يېتىمچىلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك يولىغا مېڭىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيا مىقياسىدا مىللىي زىددىيەت ۋە دىنىي توقۇنۇشلارنىڭ كۈچىيىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مىللىي بۆلۈنۈش ھاڭگى كۈنسېرى زورىيىۋاتىدۇ. ئۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، بىراق مەدەنىيەت ۋە روھىي جەھەتتە بارغانسېرى يىراقلىشىپ، ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ، ئاتالمىش «مىللەتلەر پېچى» نىڭ خىجالىتى بولسا كېرەك!

(مەھەممەت ئېلى تەرجىمە قىلدى)

# لاتىن ئامېرىكىسىدىكى

# ئەنئەنىۋى بايراملار

لاتىن ئامېرىكىسىدا نەچچە يۈز مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە پارلاق يەرلىك مەدەنىيەت ياراتقان ھەم مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنىۋى بايراملارنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ بايراملاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. كۆممىقوناق بايرىمى:** مېكسىكا — كۆممىقوناقنىڭ ئەسلى ماكانى بولۇپ، مېكسىكىلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆممىقوناقنى بېقىپ ۋە تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ۋاھاكا شتاتى مېكسىكا بويىچە كۆممىقوناق دەسلەپ تېرىلغان جاي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەر يىلى 7- ئاينىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنى (كۆممىقوناق يىغىۋېلىش مەزگىلى) مەزكۇر شتاتتا دەبدەبىلىك كۆممىقوناق بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەممە ئادەم بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، توپ- توپ بولۇپ كوچىلارغا چىقىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە بايرامغا تەنتەنە قىلىدۇ. شۇ كۈنى ھەممىلا يەرگە كۆممىقوناقتىن ياسالغان يېمەكلىكلەر تىزىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالاھىدە ئىشلەنگەن كۆممىقوناق ئاكرۇگزىسى، كۆممىقوناق مارۇژنىسى، كۆممىقوناقتىن ئىشلەنگەن ئېسىل ھاراق قاتارلىقلارمۇ بار.

**2. نېگىر ئانا بايرىمى:** ھەر يىلى 9- ئايدا سالۋادورلۇقلار خۇددى روژدېستۋو بايرىمىنى ئۆتكۈزگەندەك «نېگىر ئانا بايرىمى»نى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، نېگىر ئانا بۈۋى مەريەمنىڭ ئىنىكئانىسى بولغانىكەن. ئۇ ئىشچان ھەم مېھرىبان بولۇپ، ھىندىستان- ياۋروپا ئارىلاشما قان ئىرقىدىكىلەر ۋە ئىندىئانلارغا كۆيۈمچان بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يۈكسەك ئىززەت- ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىكەن. بايرام كۈنى سەھەردە ھەممە ئائىلىلەر ئىشىك- دەرۋازىلىرىغا چىراغ ۋە رەڭدار شەلپەرلەرنى ئېسىپ، شاد- خۇراملىق كەيپىياتىنى ئۇرغۇتىدىكەن. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەر بىر ئەترەتتىن بىر ئايال «نېگىر ئانا» قىياپىتىدە ياسىنىپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىكەن. ئۇلار مەيدانغا كىرگەندە ھەممە ئادەم ئۇزاقتىچە قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپ «بارىكاللا» دەپ توۋلاپ، نېگىر ئانىغا سالام بېرىپ رەھمەت ئېيتىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن نېگىر ئانا باكىر يوپۇلغان ئېگىز ئارغىماققا مىنىپ، قولىدا لاتىدىن تىكىلگەن قارا رەڭلىك قورچاق بالىنى كۆتۈرگەن ھالدا «ئەللەي ناخشىسى»نى ئېيتىپ، بېقىملىق مۇزىكىغا ماسلاشقان ھالدا سەپنى باشلاپ مەيداننىڭ مەركىزىگە كىرىدۇ. بايرام مول مەزمۇنلۇق، شەكلى رەڭگارەڭ بولۇپ، ئاياللار ئاساسلىق ناخشىچى رولىنى ئوينايدۇ. بايرام جەريانىدا ھەممە ئاياللار ئاق رەڭلىك يۇرۇر كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، كۆركەم زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىززەت- ئېھتىراملىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**3. قۇياش ئىلاھى بايرىمى:** پېرۇ جۇمھۇرىيىتىدە ھەر يىلى 6- ئاينىڭ 24- كۈنى «قۇياش ئىلاھى بايرىمى»نى ئەڭ مۇھىم بايرام سۈپىتىدە تەنتەنىلىك تەبرىكلەيدۇ.



پىرۇلىقلارنىڭ نەزەرىدە «قۇياش ئىلاھى» تەڭداشسىز يۈكسەك ئىلاھە، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئېلىنى «قۇياش دۆلىتى»، ئۆزلىرىنى «قۇياش ئەۋلادى» دەپ ھېسابلىشىدۇ. بايرام پائالىيىتى جەمئىي توققۇز كۈن داۋاملىشىدۇ، ئاساسلىق نەزىر-چىراغ پائالىيىتى قەدىمكى شەھەر كوسكادىكى ساكسامان قەدىمكى قەلئەسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىمدىن كېيىن قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان «ئىنكاخان» ۋە «خانىش» قىياپىتىدە ياسانغان ئارتىسلار مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، رومكا كۆتۈرۈپ بايرامنى تەبرىكلەيدۇ ھەم نۇتۇق سۆزلەپ قۇياش ئىلاھىنىڭ ئۆز ئېلى ۋە پۇقرالىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيدۇ.

**4. كۆچمەنلەر بايرىمى:** مېكسىكا 60 تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن كۆچمەنلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىدىن تەشكىللەنگەن دۆلەت بولۇپ، بۇ مەملىكەت «دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ پېچى» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ھەر يىلى 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مېكسىكىنىڭ سان پاۋلو شەھىرىدە «كۆچمەنلەر بايرىمى» ئۆتكۈزۈلۈپ، ئون كۈن داۋاملىشىدۇ. بايرام داۋامىدا بۇ شەھەردىكى مىليونلىغان ئاما بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، كوچىلارغا چىقىپ شاد- خۇراملىق ئىچىدە بايرامنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. بايرامغا بېغىشلاپ ئېچىلغان كۆچمەنلەر كۆرگەزمىسىگە جۇڭگونىڭ ئويما بۇيۇملىرى، ساپال- فارفور قاچىلىرى، ئافرىقىنىڭ ياغاچ ئويما ئەسەرلىرى، مىسىرنىڭ گۆھەر- ياقۇت زىننەت بۇيۇملىرى، ھىندىئانلارنىڭ قول ھۈنەر توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، ئىتالىيىنىڭ قەدىمكى سىزما رەسىملىرى، ئىسپانىيىنىڭ رەڭلىك كۆڭلەكلىرى قويۇلىدۇ. ھەر مىللەت كۆچمەنلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىزىقارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، بايرامنى قىزغىن قۇتلۇقلايدۇ. بايرامنىڭ ئاخىرقى كۈنى كۆپچىلىك كۆچمەنلەر بايرىمىنىڭ «خانىشى»نى سايلاپ چىقىدۇ.

**5. شېكەر قومۇشى بايرىمى:** بار بادوس كارايىپ دېڭىزىغا جايلاشقان بىر گۈزەل ئارال دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ % 90تىگە شېكەر قومۇشى تېرىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەملىكەتتە ھەر يىلى 6- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7- ئاينىڭ باشلىرىغىچە «شېكەر قومۇشى بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام ئالدى بىلەن يېزىلاردىن باشلىنىدۇ. دېھقانلار ئېتىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر باغلام شېكەر قومۇشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن چوڭ دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغان تۆمۈر تاختاينى قاتتىق ئۇرۇپ، بايرامنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاندىن ھېلىقى بىر باغلام شېكەر قومۇشىنى ھارۋىغا بېسىپ شېكەر زاۋۇتىغا ئاپىرىدۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ بارغان ھەممە كىشى شېكەر زاۋۇتىنى ئايلىنىپ، دۇمباق- سۇناي چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ تەنتەنە قىلىدۇ ۋە شېكەر قومۇشىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ. بايرامنىڭ ئاخىرقى كۈنى كۆپچىلىك ئەڭ ياخشى ئۇركېستىر بىلەن «شېكەر قومۇشى ئايال پادىشاھى» نى سايلاپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شېكەر قومۇشىدىن باغلاپ ياسالغان «قومۇش ئادەم»نى كۆيدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بايرام ئاخىرلىشىدۇ.

(مەخسۇت ھېيت تەييارلىدى)

## يېگىدىن بايقالغان ئادەم خىللىرى (2)

**بېشى ئاق - قاراتەنلىك ئادەملەر.** ئىرسىيەتشۇناسلار يېقىندا ھىندونېزىيىدىكى خىلۋەت بىر ئورمانلىقتىن «ئاشىق- مەشۇقلار» تۇسىدىكى غەلىتە بىر قەبىلىنى بايقىغان. ئۇ يەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بېشى ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشىسىمۇ، بەدىنى پۈتۈنلەي نېگىرلارغىلا ئوخشايدىكەن.

**ئالىچىپار تەنلىكلەر.** ئېكۋادور تەۋەسىدىكى ئامازون دەرياسى ساھىلى ئورمانلىق رايونىدا ياشايدىغان يەرلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەر- ئايال، ياش- قېرى دېمەي قېپىالىڭاچ يۈرۈۋېرىدىكەن، ئۇلارنىڭ يۈز قىسمىدىن باشقا بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئۈسسۈملۈك سۇيۇقلۇقى بىلەن قىزىل رەڭدە بوياۋالغاچقا، ئالىچىپار تەنلىكلەر دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى گويا يۆگىمە قۇيرۇقلۇق مايمۇننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش سىرتىغا چىقىپ تۇرغان بولۇپ قول - پۇتلىرى پاقىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، پەنجىسىنىڭ ئارىلىقىدا قىسقىغىنە پەردىلىرى بولۇپ، ئۇلار تېخى تولۇق تەرەققىي قىلىپ بولمىغان ئىپتىدائىي ئادەملەر توپى ئىكەن . ئۇلار ئاساسلىقى تىرىك، خام بېلىق ۋە ياۋا كۆكتات يېيىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

## ئەمگەك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش توغرىسىدا

ئەمگەك قىلىش دۇنيادىكى بارچە خۇشاللىق ۋە بارچە كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

**— گوركىي**

ئەمگەك قىلىش ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، شۇنداقلا ھەر بىر ئادەمنىڭ بەدەن، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە كامالەتكە يېتىشىنىڭ مەنبەسىدۇر.

**— ۋۇشىنسكى**

بارلىق ئاغرىق - سىلاقىنى ساقايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى قىممەتلىك دورىسى ئەمگەك قىلىشتىن ئىبارەت.

**— ئوستروۋسكى**

ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىش ئىشلەشتە تەشكىلسىزلىك ۋە تەرتىپسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

**— پاۋلوۋ**

مەشغۇلات تۈزۈمى ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا مەلۇم خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ۋاقتى - قەرەلىدە ئۇخلاپ، تولۇق ئۇخلاش كېرەك. ئۇخلاشنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى خىزمەتنىڭ خاراكتېرى، ئەمگەكنىڭ سىجىللىقى، يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بولۇشى كېرەك.

**— ف. ئوگلىروۋ**

مەشغۇلات تۈزۈمىگە داۋاملىق رىئايە قىلماسلىق، ياخشى تۇرمۇش ئادىتىگە كۆنمەسلىك ئادەمنىڭ بەدىنىگە جەزمەن تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**— ف. ئوگلىروۋ**

مېنىڭ تۇرمۇشۇم خۇددى سائەتنىڭ زاپچاسلىرىغا ئوخشاش تەرتىپ - قائىدىلىك ئۆتىدۇ، مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلاشقاندا بىر جايدا توختاپلا قالىمەن - دە، مىدىر - سىدىر قىلمايمەن.

**— دارۋىن**

بىر كۈن ئەمگەك قىلىش بىر كېچىلىك خاتىرجەم ئۇخلاشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ؛ بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەش بەختلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدۇ.

**— دافىنچى**

ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىراشلىق ئىچىدىلا ئۆتكەن كىشىلەردۇر.

**— خوپلاند**

ئادەم تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەمگەك مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت. ئەمگەك بولمىسا نورمال كىشىلىك تۇرمۇش بولمايدۇ.

**— روسسو**

ھەتتا سەن بەخت - سائادەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە ئېرىشكەن چېغىڭدىمۇ توختىماي ئەمگەك قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەككى، ئىككى قولۇڭنى ھەرىكەتلەندۈرمەي بىكار ئولتۇرماسلىقىڭ كېرەك.

**— رۇداكى**

ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئۆمۈربويى ئىناق ئۆتكەن، زادى سوقۇش - ماجىرا قىلىشمىغان. بىز ھەرگىز ھەشەمەتلىك، كاتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ھەۋەس قىلىشمىغان، ئادەتتە ھەرقانداق كەسكىن بەس - مۇنازىرىلەرگە ئارىلىشىپ باقمىغان. بىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىمىز تامامەن ئۆز ئەمگىكىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ئۆتكەن.

**— برانك** (114 ياش)

**— دوشالىن** (103 ياش)

كەڭ زېمىندا ئەمگەك قىلىش مېنى ئۆمۈربويى روھلۇق ۋە تېتىك ياشاشقا نېسىپ قىلدى، ئويلايمەنكى، بۇمۇ مېنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈمدىكى مۇھىم ئاساس ئىكەن.

**— پاۋلوۋ**

# يېمەك - ئىچمەك ۋە سالامەتلىك

## ھەققىدە

ئاۋۋال غىزا ئارقىلىق داۋالىنىش كېرەك، غىزادىن شىپالىق بولمىسا، ئاندىن دورا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

**— سۈن سىياۋ**

زىيادە مەيخورلۇقتىن غەۋغا كۆرۈلەر،
زىيادە خۇشاللىقتىن قايغۇ تۆرىلەر.

**— سىماچيەن**

ئۇزاققىچە چاي ئىچىپ بەرگەندە بەدەن يەڭگىللىشىپ، ئۇستىخان يېڭىلىنىدۇ.

**— تاۋخۇڭجىڭ**

ياشاشنىڭ ئاساسى يېمەكلىكتىن بولىدۇ. ۋاقتىدا غىزالىنىشنى بىلمىگەنلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە مۇناسىپ بولمايدۇ.

**— سۈن سىياۋ**

چاي ئاساسلىقى زىققا ۋە يۆتەلنى داۋالايدۇ، بەلغەمنى ئالىدۇ.

**— لى شىجېن**

غىزانىڭ ئازراق بولغىنى پايدىلىق، تالنىڭ ھەرىكىتى راۋان بولغاندا سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، بولمىسا ئاسان ئۆتتۈشلۈك غىزا كۆپ ئىستېمال قىلىنىپ كەتسە بەدەنگە زەخمە يېتىدۇ، شۇڭا ھەر كۈنلۈك غىزانى ئاز ئىستېمال قىلىپ تالنى خاتىرجەم قىلماق كېرەك.

**— ساۋسىشەن**

مېۋىنى مۇرادىغا يېتىپ پىشقاندا يېمەك كېرەك، بولمىسا بەدەنگە پايدىسىز.

**— كاڭ شى**

ياشانغانلار غىزالىنىشتا يۇمشاق پىشقان غىزانى ئىستېمال قىلىش كېرەك، ئۇنداق تاماق ئاسان ھەزىم بولىدۇ. مەينىمۇ ئاز - ئازدىن ئىچىپ تۇرسا قان ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق، ئەمما كۆپ بولغىنى پايدىسىزدۇر.

**— شۇ چۈنپۇ**

غىزا قانچە ئاز بولسا يۈرەككە پايدىلىق؛ غىزا قانچە كۆپ بولسا يۈرەك ھەرىكىتى قىيىنلىشىدۇ، ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقىرايدۇ.

**— جاڭ خۇا**

ئىشتىھايىڭ كەمرەك بولسۇن غىق تويۇپ كەتمە، توق بىلەن ئاچنىڭ، ئاچ بىلەن توقنىڭ ئارىلىقىدا يۈرگىن.

**— «غىزالىنىش سىرى»**

بىر كاپام غىزانى كەم يېسەڭ كەچتە،
كىرسەن بىر كەم يۈز ياشقا ئەلۋەتتە.

**— ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رىسالىسى**

بەدەنىڭ سەمرىپ كېتىشى يېمەك - ئىچمەك ئۆلچىمىنى ۋە يېمەك - ئىچمەك تۈزۈمىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى، شۇنداقلا سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدىكى ساۋاتىنىڭ كەم بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

**— ف. ئوگلىروۋ**

(1) يېمەك - ئىچمەك مىقدارى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەككى، يېمەكلىكنىڭ ساپاسى ياخشىراق، مىقدارى ئازراق بولسۇن.

(2) كۆپ ۋاقىتلارغىچە ئاچ قېلىشتىنمۇ، كۆپ ۋاقىتلارغىچە غىق تويۇشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك.

(3) يېمەك - ئىچمەك كۆپ خىل بولۇشى كېرەك، كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك.

(4) مايلىق نەرسىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىسىز.

**— ئوگلىروۋ**

كەيپىياتى مۇقىم، ھەرىكەت قارارلىق، يېمەك - ئىچمەك لايىقىدا بولغانلىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنگە باراۋەر.

**— زىمانوۋسكى**

ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى
ئىدرىس بارات تەھرىرلىدى

## ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر

### سانلىق مەلۇماتلار (4)

▲ ھازىر گۇاڭشى ئاپتونوم رايونىدا بىرىنچى، ئىككىنچى خىلدىكى چېگرا ئېغىزلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 17 ۋە 11 گە يېتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇلتۇر، گۇاڭشىنىڭ چېگرا ئېغىز ئېكسپورت سودا ئومۇمىي قىممىتى 977 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11 % ئېشىپ، 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ساپ پايدا ياراتقان.

▲ دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى يېقىنقى 15 يىلدا سىستېمىلار بويىچە دۇنيا بانكىسىنىڭ 1 مىليارد 133 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق قەرز پۇلىدىن پايدىلاندى. دۇنيا بانكىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات تۈرىگە ئاجراتقان قەرز پۇلى يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى 225 نامرات ناھىيە (خوشۇن) نى قاپلىدى.

▲ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سىغىمچانلىقى 90 مىليون كىلوۋاتقا يېتىدىغان ماشىنىنى قۇراشتۇردى، بۇ مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆمۈر زاپىسى 23 مىليارد 200 مىليون توننا بولۇپ، جەنۇبىي جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆلكە بويىچە 9 مىليون 600 مىڭ ئائىلە ئېلېكتر توكتىن بەھرىمەن بولمىدى.

▲ نىڭشيا، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدا ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن ئالتىسى، مەدەنىيەت يۇرتىدىن 35، كۇتۇپخانا ۋە بالىلار پائالىيەت مەركىزىدىن بىرى، كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىدىن ئونى، ئۆلەنمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتىدىن 15 قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت قوشۇنى تەرەققىي قىلىپ 5000 كىشىگە يەتتى.

▲ 15 يىل مابەينىدە، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى 300 مىڭ چارۋىچى ئۆسمۈر مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كەلدى. (پۈتۈن ئۆلكىدىكى چارۋىچىلارنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ) كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا بېقىشتىن قۇتۇلۇپ مۇقىم ئولتۇراقلاشتى.

▲ ئون يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن جەمئىي 110 مىڭ خىل كىتابلار كاتالوگى رەتلەندى، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 3000 خىلدىن ئارتۇقراقى نەشر قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش-نەشر قىلىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

▲ تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرىنى تەسىس قىلغان ئالىي مەكتەپلەر 138 گە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 11 مىڭغا يەتكەن. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ۋە ھەر خىل كەسپىي مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىر قانچە يۈز مىڭى يېتىشىپ چىققان.

▲ 1989-يىلى باشلانغان بۇ دالا سارىيىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 53 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان تۈر 111 گە، ئومۇمىي كۆلىمى 33 مىڭ 900 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەككە يەتكەن. قۇرۇلۇش 1994-يىل 8-ئايدا تاماملانغان.

▲ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە گۈيجۇ ئۆلكىسىدە پۈتۈن ئىجتىمائىي مۇقىم مۈلۈككە 55 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 12 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1.5 ۋە 1.3 ھەسسە ئاشقان.

▲ ئېكوممىيە دەرىخى بايلىقى دۆلىتىمىزنىڭ خاس تەبىئىي بايلىقىدۇر. ھازىر مەملىكىتىمىزدە تەخمىنەن 3 مىليون مو يەردە ئېكوممىيە دەرىخى بار بولۇپ، ئاساسەن يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن، خۇنەن، خۇبېي، شەنشى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

(مەريەم ئابلىمىت تەرجىمە قىلدى)

## ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر

### سانلىق مەلۇماتلار (5)

# ئادەم بەدىنىدىكى بىر قىسىم

## ئەزالارنىڭ تولغان مەزگىلى

زېھرە: 20 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھالىتى ئەڭ ياخشى، ئەمما ئاپتاپقا قاقلىنىش ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتسە، 18 ياشتىمۇ تېرىگە قورۇق چۈشۈشى مۇمكىن.

**كىرپىك:** بەش ياشتىن 15 ياشقىچە ناھايىتى قويۇق ھەم ناھايىتى زىچ ئۆسىدۇ.

**چاچ:** ئادەمدە 50 ياشتىن كېيىن چاچ سەل ئىنچىكىلەيدۇ ھەم شالاڭلىشىدۇ، ئەگەر چاچنى ياخشى ئاسرىمىسا، قانچە ياش مەزگىلى بولسىمۇ، ئوخشاشلا ناچارلىشىپ كېتىۋېرىدۇ.

**كالپۇك:** 16 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان مەزگىلى ئەڭ تولغان ۋاقتى بولۇپ، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ نېپىزلاپ بارىدۇ. ئاياللارنىڭ كالپۇكىنىڭ قىرىش سىزىقى ئەرلەرنىڭكىدىن ئاشتىراق بولىدۇ.

**بۇرۇن:** بۇرۇن گۈزەللىكىنى ساقلاشنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، 30 ياشتىن 45 ياشقىچە ئارىلىقتا بولىدۇ. 45 ياشتىن كېيىن يەرنىڭ تارتىش كۈچى تۈپەيلىدىن بۇرۇندىكى توقۇلمىلار سوزۇلىدۇ.

**چىش:** 20 ياش مەزگىلى چىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىش ئاستا-ئاستا ساغىرىشقا باشلايدۇ.

**قول قىسمى:** قول تېرىسىنىڭ يۇمشاق، سىلىق بولۇش مەزگىلى 15 ياشتىن 35 ياشقىچە بولىدۇ.

**تىز:** 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە ئەڭ كۆركەم بولىدۇ. 35 ياشتىن كېيىن تىزمۇ جەينەككە ئوخشاش دائىم ئېگىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىۋەرگەندىن كېيىن تېرە بوشىشىپ كېتىدۇ.

**ئېلاستىكلىق:** ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئەڭ ياخشى بولۇپ، پەيلەرنى سوزۇش ھەرىكەتلىرىنى دائىم قىلىپ بەرگەندە بەدەندىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئوبدان ساقلىغىلى بولىدۇ.

**پۇراش سېزىمى:** ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆزگىرىپ، بەزى پۇراقلارغا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ.

(قەيسەر تەرجىمە قىلدى)

تېنى ئاجىز، كۆپ كېسەل بولىدىغانلار دائىم ئۆزىنىڭ تېنىنى ئاسرايدۇ ۋە ئوبدان كۈتۈنىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇشنى مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار چېنىقىشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرىدۇ. قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلمايدۇ، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىن شېكەر، تاماكا، ھاراق، مايلىق، تۇزلۇق يېمەكلىكلەرگە نىسبەتەن ئوبدان كېڭىشىپ كۆرۈپ، ياخشى نەرسىلەرنى تاللاپ ئىستېمال قىلىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۆزىنى مۇۋاپىق كۈتۈپ، تېنى ئاجىزلار چىدامچانلىقى بىلەن شىپا تاپىدۇ.

تېنى ئاجىز، كۆپ كېسەل بولىدىغانلار ناھايىتى ئۇمىدۋار بولۇپ، كېسەلگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلاردۇر. زۇكامنى ئالساق، ئادەمدە دائىم زۇكام بولۇپ تۇرىدىغان «كېسەلچانلار»نىڭ زۇكام بولمايدىغان «ساغلام» كىشىلەرگە قارىغاندا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولىدىكەن. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بىر يىل ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ زۇكام بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى دائىم زۇكام بولۇپ تۇرىدىغانلارنىڭكىدىن ئالتە ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن، زۇكام يەنە ئادەملەرنىڭ بەزى ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا راك ھۈجەيرىلىرىگە «ھوشيار» تۇرغۇزۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىكەن.

تېنى ئاجىز، كۆپ كېسەل بولغۇچىلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سەۋەبىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىمۇ ناتايىن. تېنى ئاجىزلار ئۆزىدىكى كېسەلنى بىلگەچكە، ئادەتتە ئانچە ئالغا ئىنتىلىشچان بولالمايدۇ، ئۆزىگە پايدىسىز بولغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، يوقىلاڭ ئىشلارغا خاپا بولۇپ يۈرمەيدۇ. تۇرمۇشتا بەكرەك ئېھتىياتچان بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئېنېرگىيە سەرپىياتى سەل ئاستىراق بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن قىممەتلىك ئېنېرگىيە مەنبەسى تېجەپ قالىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇنراق بولۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

(قەيسەر تەرجىمە قىلدى)

## كۆپ كېسەل بولغانلار ئۇزۇن

## ئۆمۈر كۆرىدۇ

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

### باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن

بىرنەچچە تىلەمچى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

— سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — يېقىندا ئۇن بىلەن ياغنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كېتىپتۇ، كىشىلەر چوڭقۇر غەم ـ قايغۇغا پېتىپتۇ.

— ۋوي راست شۇنداقمۇ؟ ۋوي بىچارىلەر تولىمۇ قىيىن كۈنگە قاپتۇ ـ دە، — دەپتۇ يەنە بىرەيلەن.

— يەنىلا بىزنىڭ كۈنىمىز ياخشىكەن جۇمۇ، — دەپتۇ كىچىك قەلەندەر، — بىز بولساق ياغمۇ، ئۇنمۇ سېتىۋالمايدىكەنمىز، بىزدە ھەر ھالدا ھېچقانداق غەم ـ ئەندىشە بولمايدىكەن.

— ئاستىراق گەپ قىلىشە! — دەپتۇ تىلەمچىلەر باشلىقى، — بۇ گېپىمىزنى ئۇلار ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، بولمىسا ھەممىسى تىلەمچى بولىۋېلىشىدۇ.

### زادى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن

دىندار بىر باي كىشى چېركاۋ باشلىقىغا چېركاۋنىڭ رېمونت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 100 رۇبلى ئىئانە قىلىپتۇ. ئەتىسى دەپنە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ پۇلنى قەبرىستانلىقنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە ئۇنداق قىلمىسا ئىت، چوشقىلارنىڭ قەبرىستانلىققا كىرىپ قەبرىلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ.

— ئۇقتۇم، — دەپتۇ چېركاۋ باشلىقى، — شۇغىنىسى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، بىراۋنىڭ بىزگە 100 رۇبلى ئىئانە قىلغانلىقىنى ئىت، چوشقىلار قانداقسىگە مۇنچە تېز بىلىۋالغاندۇ؟!

### سۆزلىيەلەيدىغان مودېل

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر دۇكانغا كىرىپتۇ ـ دە، ئايال پىرىكازچىكقا قاراپ:

— ئاۋۇ كىيىمنى ئېلىپ بەرسىڭىز كۆرۈپ باقسام، — دەپتۇ. لېكىن پىرىكازچىك مىت قىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى خېرىدار ئايال شۇ ھامان:

— كۆزۈم ھەقىقەتەن ئاجىزلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەسلىدە ئۇ ئادەم ئەمەس، ياساپ قويغان مودېلكەن ـ دە، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايال پىرىكازچىك غۇدۇراپ:

— مودېل دېگەن سەن ئۆزۈڭ! — دەپتۇ.

— ھەي، بۇ مودېل گەپ قىلالايدىكەنە! — دەپتۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايال، — چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ماشىنا ئادەم ئوخشىمامدۇ؟

### ھاجىتى يوق ـ تە

ماتېماتىكا دەرسىدە، ئوقۇتقۇچى بىر مەسىلىنى يېشىۋېتىپ:

— ئۈچ ئادەم ئىككى سائەت ئىشلەپ ھەممە ئىشنى تۈگەتتى دېسەك، ئەگەر ئالتە ئادەم بولسا، بۇ ئىشنى قانچە سائەتتە تۈگىتەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر ئىش تۈگىگەن بولسا، يەنە بىر قېتىم ئىشلەشنىڭ ھاجىتى يوق ـ تە — دەپ جاۋاب بەردى بىر ئوقۇغۇچى تېزلا.

كۈلكە خۇرۇچلىرى

### ئاتلىق كىشىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

ئاتلىق بىر كىشى دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ دەريا بويىدىكى بىر بالىدىن:

— بۇ دەريانىڭ سۈيى چوڭقۇرمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى بالا:

— ناھايىتى تېيىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئاتلىق كىشى دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئات چۆكۈپ كېتىپتۇ.

— سەن نېمىشقا مېنى ئالدايسەن؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى بالىغا قاراپ.

— مەن سىزنى ئالدىمىدىم، — دەپتۇ بالا ـ بىزنىڭ ئۆردەك دائىم بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاققا بىمالال ئۈزۈپ ئۆتىدۇ، سۇ ئۇنىڭ بوينىغىمۇ كەلمەيدۇ، سىزنىڭ ئېتىڭىز ئۆردەكتىن نەچچە ئون ھەسسە ئېگىز بولغاندىكىن، بۇ دەريادىن چوقۇم ئۆتەلەيدىغۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئېتىڭىزنىڭ ئاشۇ ئۆردىكىمگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

### ھېچ ۋەقەسى يوق

بىر كىشى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆي ئىگىسىگە:

— ئەپەندىم، سىزنىڭ ئېتىڭىز پوتۇمنى چىشلىۋالدى، مەن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئەرز قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ ئىشنى بولدى قىلىسىڭىزا — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى 100 يۈەن پۇلنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇ كىشىگە تۇتقۇزۇپ.

ئۇ كىشى پۇلنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتىكەن، ئۆي ئىگىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ.

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

— قەدىرلىك ئەپەندىم، سىزگە بەرگەن ئۇ پۇل ساختا پۇل، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق ئەپەندىم، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— سىزنىڭ ئىتىڭىز چىشلىۋالغان بۇ پوتۇممۇ يالغان پوت.

### بىز ھازىر كىنوخانىدا

ـ قەدىرلىكىم، — دېدى چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئېرى ئايالىغا ئالدىراپلا، — تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كارىۋاتقا ئورۇن — كۆرپە راسلا، ئاندىن بىر ئىستاكان قايناق چاي ئەكەلگىن.

— قەدىرلىكىم، بۇ مۇمكىن ئەمەس ـ دېدى ئايالى، — بىز ھازىر كىنوخانىدا كىنو كۆرۈۋاتىمىز.

### دېڭىز ساھىلىدىكى سۆھبەت

دېڭىز ساھىلىدا بىر ئايال بالىسى بىلەن ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇرغانىكەن. بالىسى دېڭىزغا چۈشۈپ چۆمۈلمەمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ياق بالام، — دەپتۇ ئانىسى ئۇنى توسۇپ، — سۇ بەك چوڭقۇر، چۆكۈپ كېتىسەن.

— دادام سۇغا چۈشسە بولىدىكەنغۇ ئەمەسسە! — دەپ سوراپتۇ بالا نارازى بولۇپ.

— سەن داداڭغا ئوخشىمايسەن قوزام — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ئانىسى، — داداڭ ساياھەتكە چىقىشتىن ئىلگىرى جىسمانىي ئىستىراخوۋانىيىگە قاتناشقان.

(پەرھات ئەنەيتوللا تەرجىمە قىلدى)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

# خۇراپات

(مۇخەممەس)

● مۇھەممەتجان راشىدىن ●

بوزەك ئىزدەپ جاھاندىن بىزنى تاپقان خۇراپات،
تالاي ئەلدە شاللىنىپ، بىزگە ياققان خۇراپات،
نادانلىقنىڭ تونىنى بىزگە ياپقان خۇراپات،
گادايلىقنىڭ ئۇرۇقىن بىزگە چاچقان خۇراپات،
بەخت! دېسەك، بېرەلمەي بەدەر قاچقان خۇراپات.

تېڭشاپ باقسام ۋەزنىنى: خانىقادا يات، دەيدۇ،
كىيىپ ئۇزۇن پەرەنجە، قوپماي تەسۋى تارت، دەيدۇ،
خوتۇنلارنى: يۈزۈڭگە قارا چۈمبەل ئارت، دەيدۇ،
ئۆمۈر بويى بازاردا ماتا، ناسۋال سات، دەيدۇ،
تۆگەل تۇتقان يولدا ئەگىز ئاققان خۇراپات.

«تەقدىر» دەيدۇ، باشلايدۇ بىزنى ئۇدۇل قەبرىگە،
ھەقىقەتنى تېگىشەر سالا قىلىپ سەۋرىگە،
قول قوشتۇرۇپ تۇرماقنى ئۇدۇم قىلدۇق نەۋرىگە،
كۆنۈپ كەتتۇق شۈكلاشقا تاغدەك جاپا-جەبرىگە،
بەدنىيەتلەر قولىدا بولدى قاپقان خۇراپات.

تىلاۋەتنىڭ - ئىخلاسنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۈكۈر، دەپ،
پەرەنجىنى پەزىلەت، ناشۈكۈرلەر كۇپۇر، دەپ.
كېلىۋەرسۇن بىز بىلەن ئاشۇ ئەسكى سۈپۈر، دەپ،
ئايغا چىقماق بولغاننىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈر، دەپ،
ئايدا يۈرسە ئىنسانلار، ئۇخلاپ ياتقان خۇراپات.

شۇ ئىخلاسنى ئۇلۇغلاپ يېتىپ كەلدۇق پاتقاققا،
بۇ دۇنيادا ئايلاندۇق ئەڭ ئالدىنقى ئەخمەققا،
«يامان!» دېسە، جۈرئەت يوق كەچتە كىگىز قاقماققا،
ئىسكەنجىگە كۆنمىسەك، باغلاپ سۆزلەر ئەخلاققا،
جىمى ئىشنى بىر ئەپلەپ دىنغا چاتقان خۇراپات.

ئامراق كېلۇر ئەزەلدىن جاپاسى يوق بىنەمگە،
ئىخلاسى يوق زاۋۇتقا، قىزىقسىمۇ كىلەمگە.
قويۇپ بەرسەك قايتماقچى ساپان بىلەن سۆرەمگە،
ئۇسسۇل ئويناپ ھارمىدى ئەجەب كونا سەنەمگە،
ياستۇقىدا قەدىمنىڭ خورەك تارتقان خۇراپات.

تىرىكىدە سۈرەتكە چۈشسە گۇناھ بولارمىش،
ئاخىرەتتە ئۇ بىزدىن ئۆزىگە جان سورارمىش،
يىرىك دېسەك زاغرىنى، تەگرى شۇئان ئۇرارمىش،
ھوقۇش قونغان مەھەللە سۇ بولسىمۇ قۇرارمىش،
نادانلارغا بىھۇدە گۇناھ ئارتقان خۇراپات.

تۇرسا بىزگە بۇ ئالەم تۆت - بەش كۈنلۈك قونالغۇ،
ياسالمىساق بىر لامپا، ياكى دەزمال، ئۈنئالغۇ،
قاشاقلىقتا كۈن ئۆتسە، خەلقىمىزگە ئۇۋالغۇ؟
مارسلارغا ئۇچقانلار سالدى ئايغا تورالغۇ،
پۈتمىزغا ئەزەلدىن پالتا چاپقان خۇراپات.

قاشاقلىقتا قالامدۇق، بىز ئۆتمىشىدىن قاچمىساق،
ئەۋلادلارغا ئىلىم-پەن نۇرلىرىنى چاچمىساق؟
نەدە بىزگە باي بولۇش، يەڭگە ئىشىك ئاچمىساق،
ئۆزى ئەسلا يوقالماس، ئۆزىمىزنى تارتمىساق،
بىزنى ئالداپ، بويىنغا تۇمار ئاسقان خۇراپات.
(ئاپتور: غۇلجا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)




مۆمىن بوۋاينىڭ 120 ياشقا كىرىپمۇ شۇنچە تېمەن، ساغلام تۇرغانلىقى ھەرقانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىمۇ تولۇق ئاقىرىپ بولمىغان، چىشلىرىمۇ تولۇق، چىرايىدىكى قورۇقلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس، قارىماققا 50 ـ 60 ياشلارغا كىرگەندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چەۋرىلىرىمۇ نەۋرە يۈزى كۆرگەن بولۇپ، ئۇرۇق-ئەۋلاد، قۇدا-باجا، كۈيئوغۇل-كېلىنلەرنى قوشقاندا كىچىكرەك بىر كەنتنىڭ نوپۇسىغا توغرا كېلەتتى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى ئاران 52 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرگەن، ئانىسىمۇ 64 يېشىدا قازا قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىمۇ 90 ياشقىچە ياشىيالىغانلار ناھايىتى ئاز. بالىلىرى پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتكەن، نەۋرىلىرىدىنمۇ بىر قانچىسى ئۆلۈپ كەتكەندى. شۇنداقتىمۇ نەۋرە-چەۋرىلىرى ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلىشەتتى، ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشاتتى.

مۆمىن بوۋاي ئون ياش ۋاقتىدا قانداقتۇر بىركېسەلگە گىرىپتار بولغانىكەن. شۇ كېسەلنىڭ ئاسارىتىمۇ ياكى دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، شۇندىن بۇيان گاس بولۇپ قېلىپ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ھېچقانداق سۈرەن-شاۋقۇن، گەپ-سۆز، سادالارنى ئاڭلىيالماي جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ باشقىلارغا مەقسىتىنى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغىنىنى گاچىغا گەپ ئۇقتۇرغاندەك ئىشارەت ئارقىلىق ئۇقتۇراتتى. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ مەقسىتى، تۈرلۈك ھادىسىلەر، سەۋەب-نەتىجەلەرنى تولۇق ئاڭقىرالماي، ئۆمرىنى قايناق ئادەم دېڭىزى ئارىسىدىمۇ چۆل-جەزىرىدە تەنھا ياشىغاندەك تىپتىنچ ئۆتكۈزگەندى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇنى

زىيارەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىرنى تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى كېلىدىغان دوختۇرلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ناھايىتى ساغلام بولۇپ، ھېچقايسى ئەزاسى تېخى قېرىماپتۇمىش. بولۇپمۇ يۈرىكى ياش يىگىتلەرنىڭكىدەك تولىمۇ ساغلاممىش. ئۇنىڭ سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بىرقانچىسى «سوغۇق سۇنى داۋاملىق ئىچىپ بەرسە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ»، «سوغۇق سۇ يۈرەكنى ياشارتىدۇ»، «سوغۇق سۇ ۋە سالامەتلىك» دېگەندەك تېمىلاردا؛ ئۇنىڭ ياز كۈنلىرى يالىڭاياق يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن بىر قانچىسى «يالىڭاياق يۈرۈش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ»، «يالىڭاياق يۈرۈش سالامەتلىككە پايدىلىق» دېگەندەك تېمىلاردا؛ ئۇنىڭ قىشمۇ ـ ياز تەلپەك كىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلگەن بىرقانچىسى «باشنى ئىسسىق ساقلاش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ»، «تەلپەك ۋە سالامەتلىك»، «تەلپەكنىڭ نېرۋىنى قوغداش رولى توغرىسىدا» دېگەندەك تېمىلاردا... ئىشقىلىپ ئۇ نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى سالامەتلىككە ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە باغلاپ، نېمىنى يامان كۆرسە ياكى نېمىگە ئۆچ بولسا شۇنى سالامەتلىككە زىيانلىق، دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ، تالاي ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىشتى. نەچچىسى مۆمىن بوۋاينى تەتقىق قىلىشىپ ئۇنۋان ئېلىشتى. ھەتتا بىرقانچىسى مۆمىن بوۋاينى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «تاپاننى ئۇۋۇلاش»، «ئۇزۇقلۇق تەڭشەش» دېگەندەك يېڭى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ، پاتېنت ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشتى. لېكىن مۆمىن بوۋاي ئۇلارنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكى، نېمىشقا ئۇششاق-چۈششەك گەپلەرنى تولا سورايدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا ئۆتۈپ كەتتى.

مېنىڭ بىلىشىمچە، مۆمىن بوۋاينىڭ دادىسىدىن قالغان بەش ـ ئالتە مو كېلىدىغان بىر مېۋىلىك بېغى بار ئىدى. كىشىلەر بۇ باغنى «مۆمىن ئۇلۇغنىڭ بېغى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ باغ ئۇزۇن مۇددەت بىرلا ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر، مېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقى، ھەر خىللىقى بىلەن پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە داڭقى بار ئىدى. مۆمىن بوۋاي ئەتىگىنى مەسچىتتىن يېنىپ ناشتىنى قىلىپلا باغقا كىرىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە يېنىپ چىقاتتى، چۈشلۈك تامىقىنىمۇ باغدا يەيتتى، قىش كۈنلىرىمۇ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى باغدا ئۆتكۈزەتتى. بۇ باغدىكى مېۋىلەرنىڭ شاخلىرىنى چاتاش، تۈۋىگە چۈشكەن سېغىزلارنى چىقىرىش، ئوغۇتلاش، ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش، قېرىغان مېۋىلەرنى يېڭىلاش، ئۈجمە تاللىرى، ئانار، ئەنجۈر دېگەندەكلەرنى كۆمۈش، ئېچىش، مېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ قاق سېلىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز چىقاتتى. شۇڭىمۇ ئۇ يىل بويى تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ھېچكىم بۇ باغ بىلەن چېتىشتۇرۇپ كۆرمىدى، ھەم چېتىشتۇرۇشقىمۇ ھېچقانداق ئاساس تېپىلمايتتى. بۇنى پەقەت «ئۇزۇن مۇددەت جىسمانىي ئەمگەك قىلىش» ۋە «مېۋە-چېۋىنى كۆپ ئىستېمال قىلىش» دېگەن نۇقتىدىنلا چېتىشى مۇمكىن ئىدى ۋە شۇنداق چاتقانلارمۇ بولدى. لېكىن مۆمىن بوۋاينىڭ ھەر بىر تۈپ كۆچەتكە ئايرىم-ئايرىم ئىسىم قويۇپ، ئۇلارغا گەپ قىلىپ، بىر ئۆمۈر دەل-دەرەخلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم بايقىيالمىدى. بايقىغانلارمۇ مۆمىن بوۋاينى «كۆچمە جىنلىق ئىكەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشىپلا كۇپايىلەندى.

— ھەي نىسا سېكلەك، نېمانچە شىڭشىيىپ

كەتتىڭ؟ كۆكۈلاڭنى قىرقىۋەتمىسەم بولۇتتا تاقاشقۇدەكسەن...

— هاي ئايىم غورىلاي، ماڭا چاقچاق قىلغۇچى بولدۇڭمۇ تېخى؟ ھېلى بىكار كۆڭلىكىمنى ئىلىۋالغان شاخلىرىڭنى چاتۇۋېتىمەن! قولۇڭنى تارت!

— ھەي توختى دوڭغاق، بۇ يىل ھالىڭغا باقماي شۇنچە كۆپ مېۋىلىدىڭ، مېۋىلىرىڭنى كۆتۈرەلەمسەن؟ نېمە؟ دايىمال قويۇپ بەر؟ ماقۇل هازىرلا قويۇپ بېرەي.

— هوي قارىۋاي شىراق، ساڭا نېمە بولدى؟ ئەجەب شۇمشىيىپ قاپسەنغۇ؟ ھە، ئاۋۇ مارجان پوقاق سايە تاشلاپ تۇرۇۋالدىمۇ؟ ماقۇل، مەن ئۇنى چاتۇۋېتەي...

— ھەي ھېلىم شالتاق، سېنى پىت بېسىپ كېتىپتىغۇ؟ نېمە؟ يۇيۇپ-تاراپ قوي؟ ياق، بۇنى قىلالمايمەن، نەۋرەمگە دەپ قوياي، ئۇ ساڭا دورا چېچىپ قويسۇن...

ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ، جەننەتتەك بۇ باغدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ، خۇشال-خورام ياشاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ باغدا ئۇنى قاقشىتىدىغان ياكى نارازى قىلىدىغان ھېچقانداق ھادىسە كۆرۈلمەيتتى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇ پۇل دېگەن نەرسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئۇنى خەجلەش، يىغىش دېگەندەك ئىشلارنى بىلمەيتتى. بۇ باغنىڭ كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلار بىر تەرەپ قىلاتتى. مۆمىن بوۋاينىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىنىمۇ شۇلار قىلىپ بېرەتتى. ئۇ پەقەت مېۋىلەرنى ئوخشىتىشنىلا بىلەتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىدىكى بىر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چەۋرىسى ئالىمجان ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۆمىن بوۋاينىڭ قۇلىقىنى داۋالاش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قۇلىقىنى داۋالاپ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك گاڭگىراش ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ، كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ ئۆتەلەيدىغان، ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ھۇزۇرلىنالايدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشنى باشقا ئادەملەردەك تولۇق چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ، ئۇلۇغ بوۋىسىنى بەختكە ئېرىشتۈرمەكچى ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇ ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، بولۇپمۇ بەش ئەزا ئىلمىنى ئالاھىدە قىزىقىپ ۋە دىققەت قىلىپ ئۆگەندى، ھەم قۇلاق ئىلمىگە ئائىت بىر قىسىم يېڭى تېخنىكىلارنىمۇ ئىگىلىگەنىدى.

بۇ ئىش دەسلەپتە چوڭلارنىڭ بولۇپمۇ مۆمىن بوۋاينىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. لېكىن ئالىمجان بىر ئاماللارنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىردا ھەممىسىنى قايىل قىلدى - دە، داۋالاشقا كىرىشىپ كەتتى. جۇڭگونىڭ يېڭىنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن باشقا ھەر خىل ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۈچ ئاي داۋالاش نەتىجىسىدە مۆمىن بوۋاينىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ئاق-قارىنى تېخىمۇ ئوبدان پەرقلەندۈرەلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ مەقسىتىنى تولۇق بىلەلەيدىغان، سەۋەب-نەتىجىلەرنى چۈشىنەلەيدىغان، پايدا-زىياننى ئاڭقىرالايدىغان ھالغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىدىغان، باغنىڭ كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان، قىسقىسى نورمال كىشىلەردەك ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولدى. بۇ ھال مۆمىن بوۋاينىمۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنىمۇ قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى.

كىم بىلسۇن شۇنىڭدىن كېيىن مۆمىن بوۋاينىڭ كاللىسى «نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە دەپ شۇنداق بولىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇمۇ

باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگىمۇ ھەر خىل سوئاللارنى قويۇپ تۇرۇۋالىدىغان تەرسا، جاھىل بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇ، سىلىق يىغىقلىق كەلگەن كەنت كادىرلىرى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاتتىق ھاقارەتكە ئۇچرىدى:

— باجىنغۇ تۆلەي، سۇ پۇلىنىمۇ بېرەي، فوندى-پوندى دېگىنىڭلار نېمىسى؟ ئۆزۈمنىڭ مېھمىنىنى ئۆزۈم كۈتسەم، نېمە دەپ مېھمان كۈتۈش راسخوتى ئالىسىلەر؟

— بۇ كەنتىمىزگە كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتكەندە كەتكەن چىقىم، بۇنى دېھقانلارغا چاچماي ئۆز چۆنتىكىمىزدىن تۆلەمتۇق ئەمىسە؟

— «پالانچى باشلىق كەپتۇ، پوكۈنچى رەھبەر كەپتۇ» دەپ بىر تىيىن بەرمەي مېۋە-چېۋىلىرىمدىن خالىغانچە ئېلىپ كېتىشىسلەر، يەنە نېمە دەپ پۇل ئالىسىلەر؟

— ھەممەيلەنگە ئوخشاش چاچمىساق، باشقىلاردىن قانداق ئالىمىز؟

— قانداق ئالساڭلار شۇنداق ئېلىڭلار، بۇ پۇلنى بەرمەيمەن. يەنە ۋاكسىن-پاكسىن دېگەن پۇلۇڭلارنىمۇ بەرمەيمەن، تامۇشۇ كەمگىچە بىرەرسىنىڭ چارۋىلىرىمغا بىرەر تال ئوكۇل ئۇرۇپ قويغىنى يوق.

— بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ سىياستى، تۆلىسىڭىزمۇ تۆلەيسىز، تۆلىمىسىڭىزمۇ تۆلەيسىز.

— «سىياسەت» دېگەن نېمە ئۇ؟ خەقنىڭ پۇلىنى بىكاردىن - بىكار ئېلىۋال دېگەن گەپمۇ؟

— مۆمىن ئاكا، تەرسالىق قىلماڭ، بىز سىزنى ياشقا چوڭ، مۆتىۋەر، ئۆزى يۇۋاش دەپ، ئېتىبار بېرىپ، مۇشۇنچىلىكلا پۇل ئىشلەپ قويدۇق، باشقىلار تۆلەيدىغان پۇلنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، باشقىلارمۇ غىڭ قىلماي تۆلەۋاتىدىغۇ.

— نېمىشقا؟ نېمە دەپ غىڭ قىلمىدى؟ ئۇلارنىڭ سېسىپ كەتكىلىۋاتقان پۇللىرى بارمىكەن؟

— مۆمىن ئاكا، تولا گەدەنكەشلىك قىلمىسىڭىز بولارمىكىن، ھېلى بىكار ئىش ئوبدان يەردىن چىقماي قالارمىكىن.

— تۆلىمەيمەن دېدىم تۆلىمەيمەن، قانداق قىلاتتىڭلار؟

— ھەي ئىت پوقى يەپ چوڭ بولغان دېۋەڭ قېرى! سەن بىز قىل دېگەننى قىلسەن، بەر دېگەننى بېرىسەن. چۈنكى سەن دېگەن پۇقرا، بىزچۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم، تېز تۆلىۋەت، ھېلى بىكا چىشلىرىڭنىڭ بىرىنى قويماي تۆكۈۋېتىپ، ئۆزۈمگە ئوخشاش كوماك قىلىۋېتىمەن!

— نېمىشقا؟ چىشلىرىم ساڭا نېمە گۇناھ قىلدى؟

— بولدى، بۇ پوق يېگەن قېرى بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرماي، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتەيلى.

كادىرلار شۇنداق دېيىشىپ، بىرى گىلەمنى، بىرى قوتاندىكى قويدىن بىرنى، بىرى ئۇنىڭ چەۋرىلىرى ئېلىپ بەرگەن تېلېۋىزورنى، بىرى بىر تاغار قۇرۇق ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى، مۆمىن بوۋاي «نېمىشقا؟ نېمە دەپ بۇلاڭچىلىق قىلىسىلەر؟» دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئېسىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۈشكەللەشلىرى، ئىتتىرىشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلغان يېرىدە ۋارقىرىغان پېتى قالدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان نەۋرە-چەۋرىلەر ھايال ئۆتمەي بۇ ئۆيگە توپلاندى ۋە مۆمىن بوۋاينىڭ ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ جېدەللەشكەنلىكىگە، توخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىقىغا كايىشىپ تاپا قىلىشتى. ئاخىر ياشقا چوڭراق بىرقانچىسى كەنت ئىشخانىسىغا بېرىپ، تۆلەشكە تېگىشلىك پۇللارنى ۋە بۇ قېتىمقى «ماجرا» غا قويۇلغان جەرىمانىنى تۆلەپ مال-مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۆمىن بوۋاينىڭ ھالىتىدە بىردىنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، ئۇ، ئولتۇرغان يېرىدە خىيال سۈرۈپ، ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، باغدىكى دەل-دەرەخلەرگە گەپ قىلماي ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆلكە ئۆچمەيدىغان چىرايىدىن خاپىچىلىق چىقىپلا تۇراتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەنت كادىرلىرى «پالانچى رەھبەرگە ئىككى چارەك سايىكا ئۈزۈم لازىمكەن» دەپ

كېلىشكەندى، مۆمىن بوۋاي «بازار نەرخى پۇل تۆلەيسىلەر» دەپ تۇرۇۋېلىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئىش مۆمىن بوۋايغا يەنە بىر خاپىلىق تېپىپ بەردى. چۈنكى باغقا كۈزدە سۇ كىرگەنچە بىر تېمىممۇ سۇ بېرىلمىدى، بوۋاي مىراپ-كۆكۈپشىلار بىلەن سوقۇشۇپ باقتى، نەۋرىلىرىنى بېزىغا چىقارتىپ ئەرز قىلدۇرۇپ باقتى، ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. ئۇن چارەك سايىكا ئۈزۈم بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، «تويدا كىيمىگەن تونىنىڭ ياقىسىغا چىچاي» دېگەندەكلا ئىش بولدى. شۇڭا بۇ يىل بىر نەچچە تۈپ ئۆرۈك پېتىر، سۇسىز، ئاچچىق مېۋە بەرگەندىن باشقا قالغانلىرىنىڭ مېۋىلىرى پۈتۈنلەي يىگىلەپ تۆكىدى. كىچىك كۆچەتلەر بولسا 7-ئايغا بارمايلا پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۆمىن بوۋاي باغقا كىرمەيدىغان، كىرسىمۇ ئۇھ-تەتۈر سۆزلەپ، ئاللىكىملەرگىدۇر چېچىلىپ قايتىپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. بەزى كۈنلىرى ئۆزىنىڭ قەدىناس دەرەخلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتەتتى...

ئەڭ يامىنى مۆمىن بوۋاينىڭ چاچ-ساقاللىرى تېز سۇرئەتتە ئۆچىتەك ئاقىرىپ كەتتى. چىرايىدىكى قورۇقلار ئاۋۇپ، كونا ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك پۇرۇلۇپلا كەتتى، قەددى پۈكۈلۈپ، يارا-بارا ھاسىغا چۈشۈپ قالدى، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كېسەلمەن بولۇپ قالدى. ئاخىر شۇ يىلى كۈزدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانچە، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا 123 يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. بۇ باغدىكى مېۋىلىرى داڭدار دەرەخلەرمۇ، 200-300 يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قېرى دەرەخلەرمۇ مۆمىن بوۋايغا تارتىشقاندەك پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگەپ، بۇ داڭدار باغنىڭ نامىمۇ ئۆچتى.

مۆمىن بوۋاي سەكراتتا ياتقاندا، ئۇنىڭ نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرە، كۈكۈن ئەۋرىلىرىگىچە ھەممىسى بۇ ئۆيگە توپلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشتى ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدى، ئاخىرى شەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقان چەۋرىسى ئالىمجان يېتىپ كېلىپ رازىلىق سورىغاندا، بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ:

— سەن مېنىڭ قۇلىقىمنى داۋالاپ خاتا قىلغان، — دېدى-دە، تىمتاسلا جان ئۈزدى.

ئالىمجان ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر پەس ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىرنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ھاڭ-تاڭ قالدى-يۇ، ئاندىن ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رىئۇيىيە ئىدارىسىدا)

## قەترىلەر

### ئۆگەنگەن خۇي

بىر ئوغرى ئوغرىلايدىغان نەرسە تاپالماي قالدى، ئاخىر ئوڭ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ سول يانچۇقىنى، سول قولى بىلەن ئوڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋېدى، كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

### قىلىچۋازلار

ئىككى قىلىچۋاز بىر - بىرىگە خىرىس قىلدى:

— قىلىچىڭنى تاشلا! — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— ئالدى بىلەن سەن تاشلا! — دېدى ئىككىنچىسى.

— سەن تاشلىساڭ مەنمۇ تاشلايمەن، — دېدى بىرىنچىسى.

— ياق، ئالدى بىلەن سەن تاشلا! — دېدى ئىككىنچىسى.

— ئۇنداق ئەخمەق ئادەم يوق! — دېدى بىرىنچىسى.

ئۇلار يەنىلا بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرۇشاتتى.

### پىل بىلەن چاشقان

پىل چاشقاننى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— ئەسكى تام تۆۋى ۋە تۆشۈك - كاۋاكلاردا تىمىسقىلاپ يۈرىدىغانلاردىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى پىل.

### «مۇشكۇل ۋەزىپە»

— نېمە ئۈچۈن يۈزىڭىز بۇنچە قارا؟ — دەپ سورىدى قارا قەغەزدىن.

— بىر قەغەزدىكى گەپنى يەنە بىر قەغەزگە يەتكۈزىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۆزبېكچە «ئالامەت دۇنيا» دېگەن كىتابتىن خەمىت نېئمەت تەييارلىدى

# باي بولاي دېسىڭىز خېرىدار بولۇڭ

شىنجاڭ يولچىلار پەن ـ تېخنىكا ئۇچقۇر مۇلازىمەت مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تۆۋەندىكى ئەمەلىي تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرگە خېرىدار چاقىرىدۇ.

1. كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنى پاكىز يۇيای دېسىڭىز «شاھنشاھ» ماركىلىق ئەلا سۈپەتلىك سوپۇن پاراشوكىنى ئىشلىتىڭ، تېز بېيىاي دېسىڭىز سوپۇن پاراشوكى زاۋۇتى قۇرۇڭ. بۇ خىل سوپۇن پاراشوكى يېقىندىن دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. دۆلەت ئىچىدە ئەڭ ئىلغار بولغان كىچىك تىپتىكى سوپۇن پاراشوكى ماشىنىسىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ھەجىمنى ئاشۇرۇش، ئاقارتىش، رەڭ بېرىش بىر قېتىمدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى چوڭ زاۋۇتلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. خېرىدارلار ئەڭ بازارلىق دەپ قارىغان مەھسۇلاتنى ئېلىپ كېلىپ سېلىشتۇرۇپ باقسا بولىدۇ. بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆي ۋە يورۇتۇش توكى بولسىلا كۇپايە، ئىككى ئادەم كۈنىگە 500 kg ئىشلىيەلەيدۇ. 400 g لىق بىر خالتا سوپۇن پاراشوكى بىر يۈەن 30 پۇڭ بىلەن پۈتۈپ چىقىدۇ، خام ئەشياسى ئۈرۈمچىدە تولۇق تېپىلىدۇ، شىركىتىمىز خېرىدارلار لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغانغا قەدەر تولۇق ئۆگىتىپ قويىدۇ، «شاھنشاھ» ماركىلىق خالتا بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماركا ھوقۇقى، ئۈسكۈنە ھەققى ۋە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى جەمئىي 8800 يۈەن.

2. ئورگانىك يېلىم بىلەن قېلىپ ياساپ، ھەر خىل بېزەك ماتېرىياللىرى، گەج تاختا، ئاسما چىراغ تورۇسلۇقى، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ، مەزكۇر تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئاددىي ، مەھسۇلاتى كۆركەم، تەننەرخى تۆۋەن، خېرىدارلارغا قېلىپ ياساش ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش تولۇق ئۆگىتىلىدۇ، قېلىپ يېلىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى 5000 يۈەن.

3. رەڭلىك تور باسما تېخنىكىسى ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ، مەزكۇر تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ خەت، بەلگە، رەسىم قاتارلىقلارنى قەغەز، رەخت، سۇلياۋ، مېتال، ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ يۈزىگە ھەر خىل رەڭدە بېسىپ چىقارغىلى بولىدۇ. KH ـ 5 تىپلىق رەڭلىك تور باسما ماشىنىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى 5000 يۈەن.

4. توك سوۋۇتقۇچ، گاز سوۋۇتقۇچ ۋە ئاككۇمۇلياتورغا توك قاچىلاشنى تەڭ ئېلىپ بارالايدىغان كۆپ خىل ئىقتىدارلىق كەپشەر ماشىنىسى سېتىلىدۇ، بۇ خىل كەپشەر ماشىنىسى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئۈنۈمى يۇقىرى، توك سەرپىياتى تۆۋەن، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، 220 V ۋە 380 V لۇق توكتا ئوخشاش ئىشلەۋېرىدۇ، كەپشەرچىلىك ۋە رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا بىر ئايدىلا پۇلنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، باھاسى 2800 يۈەن.

5. كۆممىقوناقنىڭ پوستىنى سويۇش ۋە دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى سېتىلىدۇ، بۇ ماشىنىلارنى ئۈچ كىلوۋاتلىق ماتور ياكى كىچىك تراكتورغا چېتىپ ئىشلەتسە بولىدۇ، سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئىككى توننا، پوستىنى سويۇش ماشىنىسى 3500 يۈەن، دان ئايرىش ماشىنىسى 1500 يۈەن.

6. بايلىق ئىزدەش ئەسۋابى سېتىلىدۇ. بۇ خىل مېتال چارلاش ئەسۋابى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئاسار ئەتىقە، كان بايلىقلىرى، تۇرۇبا يوللىرى، مال ئارىسىغا قوشۇۋېتىلگەن مېتال پارچىلىرىنى تېپىپ چىقالايدۇ. چارلاش چوڭقۇرلۇقى 1.5 m لىقنىڭ باھاسى 1295 يۈەن، 2 m لىقنىڭ 2288 يۈەن، 2.5 m لىقنىڭ 2510 يۈەن، 3.5 m لىقنىڭ 2880 يۈەن، پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

7. بىر قېتىمدا 60 تال كىچىك شام ۋە 44 تال چوڭ شام ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىككى خىل شام ماشىنىسى سېتىلىدۇ، باھاسى 1800 يۈەن.

8. بەش مىنۇتتا 500 تال بور ئىشلىيەلەيدىغان بور قېلىپى 500 يۈەن؛ 400 تۇخۇملۇق چۆجە ماشىنىسى 435 يۈەن؛ 350 W لىق گېنېراتور 1900 يۈەن؛ چاشقان تۇتىدىغان ئېلېكتر مۈشۈك 258 يۈەن؛ قۇياش ئېنېرگىيىسىدە ئىشلەيدىغان مۇنچا 100 يۈەن؛ فوتو سۈرەت ئاپپاراتى 80 يۈەن (يۇقىرىقى مەھسۇلاتلار پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ)، ئۇندىن باشقا شىركىتىمىز يەنە سۇلياۋ بۇيۇملىرى، نۇرلۇق مېۋە ئىچىملىكلىرى، توك سوۋۇتقۇچ چوكىسى، ياغاچ پول تاختىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا قۇرۇشنى خالايدىغانلارغا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىدۇ، شىركىتىمىزدىكى بارلىق تۈرلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز بەش يۈەن ئەۋەتىڭ.

**ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 31 ـ قورۇ پەن ـ تېخنىكا ئۇچقۇر شىركىتى (يەنى دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرى كەينىدىكى 38ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىدە).**

**ئالاقىلەشكۈچى: ۋارىس ئابابەكرى، تېلېفون نومۇرى: 2874617 (0991)، پوچتا نومۇرى: 830001**

باھاسى چۈشۈرۈلگەن مال



# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版／民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
聂文华
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第50期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提
凯赛尔·艾尔肯

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN—1557
邮政发行代号：58—117
出版日期：1997年1月15日

## 1997年第一期要目

●特稿
高度重视培养选拔少数民族干部……陈　虹

●焦点报道："八七计划"能如期实现吗？
中央扶贫开发工作会议召开……

●时事点评
民族工作要讲政治……冯文怀

●民族大视野
健康教育——民族振兴的百年大计……江　凌

●关注中西部
"热点"：看人家怎样热起来……木　辑

●纪念《民族团结》杂志维文版出刊50期专页
《民族团结》之我见……艾合买提·伊明
《民族团结》杂志与我……艾海提·阿西穆
我终于选中了这朵花（诗一首）……亚森·阿瓦孜

●说说我的民族
《民族团结》杂志——各民族的花园……阿布都克里木·热合曼
推诚相见……凯赛尔·米吉提
子女是父母的未来……穆合塔尔·卡德尔

●域外来风
注目车臣……吴家多
美国："民族大熔炉"揭秘……钱梁美

●民族与风俗
香港的民族成分及其文化……姑丽娜尔
拉丁美州的传统节日……

●花坛
迷信（诗一首）……穆哈买提江·热西丁
长寿之秘（小小说）……穆拉提

●画页
封面：白族姑娘……
封二、三：麦盖提农民画家作品选登……
封底：节日……努尔穆罕默德·吐尔逊摄



زەرەپشاننىڭ كېچىلىكى رەھىم سىيلىم سىزغان



ئايال نەغمىچىلەر ئىمىن پالتۇ سىزغان



دەم ئېلىش مەھەممەت يۇسۇپ سىزغان



ئائىلىدىكى خۇشاللىق تۇرسۇن سىدىق سىزغان




《民族团结》维吾尔文版 (双月刊) «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
全国统一刊号 CN11—1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
定价 2.00元 يۈەن 2.00 باھاسى 邮发代号 58—117 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى